زاھىر ساۋدانوپ

# سەھرا ئوغلى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇرۇش قەھرىمانى ئىسمائىل مەمەت



ئۇرۇش قەھرىمانى زىخرۇللام نادىر ئاخۇن ئوغلى



ئۆرۈش قەھرىمانى ئىسمائىل مەمەت



ئۆرۈش قەھرىمانى زىخرۇللام نادىر ئاخۇن ئوغلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

زاهىر ساۋدانوپ

# سەھرا ئوغلى

(تارىخىي پوۋېست)

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# مونده رجه


1ـ قسم ..................................(1)

2ـ قسم.................................(154)

3ـ قسم ................................(191)

ئۇيغۇر كىتاب تورىغا خوش كەلدىڭىز
www.uyghurkitap.com



ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

قـولىڭىزدىكى بۇ تارىخىي پوۋېستتا ئوخشىمىغان ئىككى خىل تارىخىي مەزگىلدىكى — ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىككى سەھرا ئوغلىنىڭ ئىنقىلابىي سەپتە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە قەھرىمانلىق بىلەن ئۆرۈش قىلغان تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان.

بۇ جەڭگىۋار ئوغلانلارنىڭ مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە كەچۈرمىشلىرى ئەۋلادلارغا ئۆتكەن زاماننىڭ مۇھىم شەخسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ياشاش روھىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئۆچمەس ماياك. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر پوۋېستتا بۇ سەھرا ئەزىمەتلىرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ۋە فېئودال پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بارغان جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەش ھاياتى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلدى.

بۇ ئەسەردە ئوخشىمىغان مەزگىللەردىكى سىياسىي، ئىدىيىۋى، ئىجتىمائىي كۈرەشلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن ئاشۇ قەھرىمانلارنىڭ ئـۆتمۈشى، تارىخىي كەچۈرمىشلىرىدىكى ھەقىقىي رېئاللىقنى ۋە تراگېدىيىلىك ئۆتمۈش تۇرمۇشىنى، ئۇنتۇلماس تارىخى ۋە ئۆچمەس ئىزلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇپ، بۇ قەھرىمانلارنى ئەسلەپ تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

بۇ ئىككى ئۆرۈش قەھرىمانى پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ ئازادلىقى، ۋەتەنىنىڭ تۇپرىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئۇيغۇر ئوغلانلىرىدۇر.

مـەن بـۇ ئىككى قەھرىماننىڭ رېئاللىقتىكى شاھىدى بولۇشۇم بىلەن

ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ ۋەتەنگە، جۇملىدىن شىنجاڭ خەلقىگە، ئۇيغۇر مىللىتىگە كەلتۈرگەن شەرىپىنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، بۇ پوۋېست ئىككى ئۇرۇش قەھرىمانىنىڭ بارلىق تارىخىي كەچۈرمىشلىرى ۋە قەھرىمانلىق ئوبرازىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

بۇ پوۋېستنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتە تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياردەم قىلىپ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتوردىن

2002-يىل 10-ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1-قىسىم

ئىلى دىيارىنىڭ سەھرالىرى باشقا يۇرتلارنىڭ سەھرالىرىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئەگەر ئىلى سەھرالىرىغا چىقسىڭىز يول بويى شوخىداق چىرايلىق سالا-سالا ئېتىزلار، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى سايە تاشلاپ تۇرغان تېرەكلەر، ئېرىقلاردا شارقىراپ ئېقىۋاتقان مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇلار، تېرەكلەر ئارىسىدىكى ئوت-چۆپلۈكتە ئۆسۈپ ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر، يازنىڭ سەلكىن شامāللىرى دىمىغىڭىزغا پۇرىقىنى ئېلىپ كەلگەن يالپۇزلار، يىراق-يىراقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن قوي، كالا پادىلىرىنى كۆرۈپ ھوزۇرلىنىسىز، سەھراغا يېقىنلاشقانسېرى بوستانلىق ئىچىدىكى بىر كۆجۈم مەھەللە كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ.

مەھەللىنىڭ بېشىدا ئۆستەڭدە قىپ يالىڭاچ چۆمۈلىشىۋاتقان ئوششاق باللار سىزنى كۆرگەندە ئىزا تارتىپ سۇنىڭ ئىچىگە باش چۆكۈرۈپ كىرىپ كېتىشىدۇ، تۇرۇپ بىر-بىرىگە سۇ چېچىپ ئوينايدۇ. مەھەللە ئىچى رەت-رەت كوچىلار، كوچىلارنىڭ ئىككى يېنىدا رەتلىك تىكىلگەن ھەر خىل تېرەكلەر مەھەللىگە، يەنى يولغا سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە شىرقىراپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۇلىرى.

رەتلىك خام كېسەك بىلەن سېلىنغان ئاددىي دېھقان ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى، ئاياللىرىنىڭ چۆچۈر قوللىرى بىلەن سىنكا سېلىپ ئاقارتىلىپ تۆۋىنى 50-60 سانتىمېتىر كەڭلىكتە قىزىل گىل (بىر خىل توپا) بىلەن سۇۋاپ قويۇلغان، قورولىرى شونداق پاكىز، يازنىڭ كۆنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا تېرىۋەتكەن چىرايلىق گۈللەر، رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن مىزان گۈللەرنىڭ ھىدى دىمىغىڭىزغا گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدۇ. ئۆينىڭ ئالدى ئۈزۈم بارىڭى، ھويلىسىنىڭ كەينىدە ئازراق باغ، ھەرخىل مېۋىلەر ۋە تېرىۋالغان ئازراق پەمىدۇر، لازا، پىدىگەن، جاڭدۇ قاتارلىقلار، دەرۋازىنىڭ خىزمىتىنى ئۆتەيدىغان غورو، يەنى "قاشا"، مال كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈنلا توراپ قويۇلىدۇ.

چايخانىنىڭ كاۋا باراڭلىرىدا سارغىيىپ پىشىۋاتقان كاۋىلار، ئېسىلىپ كەتكەن چاي قاپىقى، باللار ئوينايدىغان تاش قاپاقلار سىزنىڭ ئۆزگىچە زوقىڭىزنى تارتىدۇ. كوچىلارمۇ شۇنداق پاكىز، ئەتىگەن-كەچلەردە قەلقە ياغلىقىنى چېكىسىدىن چىرايلىق تېڭىپ، قولىقىغا مىزان گۈللىرىنى قىسىۋالغان، قىسقا قويۇۋالغان قوشۇما قاش ئۇسمىلىرى ۋە قولىدىكى ئوتقاشتەك خېنىلىرى خويمۇ ياراشقان چىرايلىق غۇنچە بوي سەھرا قىزلىرى كۆندە ئىككى قېتىم كوچا، قورولارغا سۇ سېپىپ، بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ سۇپۇرۇشۇپ تۇرىدۇ.

كەچقۇرۇنلىرى پادىدىن قايتقان قويلارنىڭ مەرەشلىرى، كاللارنىڭ مۆرەشلىرى، دېھقانلارنىڭ ئېتىزدىن قايتقاندىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى ئادەمنىڭ روھىنى كۆتىرىپ، سەھراغا بولغان زوقىنى تارتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



ھەربىر قورۇنىڭ ئالدىدا چۆجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن توخۇلار بىر-بىرى بىلەن دان تالىشىپ، بىر-بىرىنى چوقۇشۇپ كېتىدۇ. ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتسىڭىز پىدىگەن، لازىنىڭ ئۆتكۈر پۇراقلىرى دىمىغىڭىزنى ئېچىشتۇرۇپ ئاغزىڭىزغا شۆلگەي كېلىدۇ.

تاماقتىن كېيىن ئېرىق بويلىرىدا قاچا-قۇچا يۇيىۋاتقان كېلىنلەرنىڭ جاراڭلىق شوخ كۈلكىلىرى سەھرانىڭ كەچلىك مەنزىرىسىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ. كۈندۈزلىرى سەھرا كوچىلىرىنى ئايلىنىپ چىقسىڭىز، كەڭ كەتكەن دالادىكى ئېتىزلاردا پىشىۋاتقان ئالتۇن باشاقلىق بۇغدايلار سەلكىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قوناق، شىمشىكا، ئوخشاپ كەتكەن قىچا، زىغىرلار، مەھەللىلەردە ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇللۇق باغلار كۆرۈنىدۇ، باغلارغا كىرىپ بىردەم-يېرىمدەم دەم ئېلىپ ئولتۇرسىڭىز ئەتراپتىكى باغلاردىن كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق، بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، ئۇنىڭغا جور بولغاندەك، يىراق-يىراق ئېتىزلاردىن شامال ئېلىپ كېلىۋاتقان دېھقان يىگىتلىرىنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق شوخ ناخشىلىرى ئاڭلىنىدۇ، ياز كۈنى ئېلىنىڭ سەھرالىرىغا بىرەر تۇغقىنىڭىزنى يوقلاپ چىقىپ قالسىڭىز، كەتكىڭىز كەلمەي، سەھراغا يېپىشىپ قالىسىز.

مەھەللىلەر شۇنداق كۆڭۈللۈك، ئەتىگەندە چاي ۋاقتىدا تونۇرلاردىن سۈت قويۇپ، سىيادان سېلىپ ياققان توقاچلارنىڭ مېزىلىك پۇراقلىرى كېلىپ تۇرىدۇ، چۈنكى يېزىلاردا ياز كۈنى سەھەردە نان يېقىش بىر خىل ئادەت. ئىشچان سەھرا ئاياللىرى مېھمانلارغا ئاتاپ تەييارلىغان ئەتىگەنلىك قايماقلىق چايلار بىلەن

ئوگره، پىيازلارنى چىچىپ ئەتكەن هورلۇق نانلىرى كۆزىڭىزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

نان يېقىپ بولۇپ، تونۇرغا كۆمگەن نانغا تېگىشكۈسىز تاتلىق چاقما كاۋىلىرى سىزنى ئىجتىيارسىز ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ.

قىسقىسى، ئېلى سەھرالىرىنى قانچىلىك تەسۋىرلىسىڭىز ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايسىز. مۇشۇنداق گۈزەل سەھرا دېھقانلىرى كۆز كۆنلىرىدە بۇغداي، قوناق ئاشلىقلىرىنى شەھەرگە كۆتەك هارۋا، ئېشەك هارۋىلىرىدا ئەكىرىپ ساتاتتى.

لېكىن شەھەرلىك بەزىبىر بايۋەتچىلەر سەھرالىق دېھقانلارنى چاقىرسا: «ھەي سەھرالىق تومپاي، سەھرالىق ياغاچ قولاق، داڭگال» دەپ كەمسىتەتتى، هاقارەتلەيتتى، پەقەتلا كۆزگە ئىلمايتتى.

ئولارنىڭ مىڭ بىر جاپادا بىر يىل قان تەر ئاققۇزۇپ يىغقان ئاشلىقلىرىنى كوملاپلا ئەرزان باھادا ئېلىۋالاتتى. بىچارە دېھقانلار شۇنىڭغىمۇ رەھمەت، دەپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

بەزىبىر كەمبەغەل دېھقانلار ئاشلىقلىرىنى سېتىپ قەرز تۆلەپ، بىر قۇر كىيىم-كېچەك قىلىپ، زىمىستان قىشنى كاۋا، قىزىلچا، ياڭيۇ كۆمۈپ يەپ تۇرمۇشنى ئىنتايىن غورىگۆل ئۆتكۈزەتتى. لېكىن سەھرالىق دېھقانلارنى ئېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئۆزلىرى ھەشەمەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، چوڭ يەپ چوڭ ئىچىدىغان بايلار دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئېتىزلىرىغا قوشۇۋېلىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ تۇرغاچقا، سەھرا دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھازىر غۇلجا ناھىيىسىگە قاراشلىق «قىشلاق تام» يېزىسىمۇ ئىلى دەريا بويىغا جايلاشقان چەت، نامرات يېزىلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىلى سەھرالىرىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. قىشلاق تام يېزىسىمۇ شۇنداق كوجۇم مەھەللىلىك سەھرالارنىڭ بىرى ئىدى.

مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرىغا بارغاندا سول تەرەپكە كىرىدىغان بىر تار كوچا بار. بۇ كوچىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. تار كوچىدىن ئايلىنىپ ئوڭ قولدىكى تاملىرى كونىراپ كەتكەن قورونىڭ ئالدىدا نۇرغۇن يېرىم يالىڭاچ ئۇششاق باللار ئوينىشىۋاتاتتى.

بۇ تار كوچىنىڭمۇ ھەربىر قاشاسى ئالدىدا سۆگەت، قارىياغاچ، چوكانتاللار كوچىغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. بۇ كوچىدا ئوينىشىۋاتقان ئۇششاق باللاردىن باشقا بىرنەچچە ئاياللار ئېرىق بويلىرىدا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ سالغاچ كەپسىز باللارغا ھايت-ھۇيت دەپ ۋارقىرىشىپ قوياتتى.

بۇ يازنىڭ ئىسسىق ۋاقلىرى — 8 - ئاي مەزگىللىرى ئىدى. ۋاقىت نامازدىگەرگە يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ كۈن ئولتۇرىدىغانغا تېخى بالدۇر ئىدى.

شۇ چاغدا بۇ كوچىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ ئويناۋاتقان باللار تۇيۇقسىزلا قىيا-چىيا قىلىپ بىرى-بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ يومداقلىشىپ كەتتى.

باللار بىردىنلا ئىككى تەرەپ بولۇپ مۇشتلىشىپ توپا چېچىشىپ كەتتى. بۇ چاغدا تازا قىزىق پاراڭغا چۈشكەن ئاياللار بىردىنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ساراسىمگە چۈشۈپ باللارنى

ئاجراتقىلى تۇردى، كوچىنى بىردەمدىلا قىقاس-سۈرەن قاپلاپ كەتتى.

يەتتە، سەككىز ياشلاردىكى قارا قومچاق ئورۇق، ئېگىز، قارا قاش، قارىقاتتەك قارا، يوغان كۆزلىرى ئاچچىقتىن ئېچىمۇ يۇغىناپ كەتكەن بالا ئالدىدىكى ئۆزىدىن ئىككى ئۈچ ياش چوڭراق، ئاق پۇشماق، ئوبدان كېيىنىۋالغان تەتۇر ئۇستىخان، خام سېمىز بالىنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ غەزەپ بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە مۇشتلاۋاتاتتى.

شۇ ئارىلىقتا، غۇنچە بوي، ئىككى ئۆرۈم چېچى تېقىمىغا چۇشۇپ تۇرغان بۇغداي ئۆڭ، قارا قاش، كۆزلىرى كۇلۇپ تۇرىدىغان مۇلايىم، ئورۇق، ئىنچىكە، يەڭلىرى تۇرۇكلۇك، ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالغان بىر چوكان قورادىن يۈگۈرۈپ چىقىپ: «ۋاي جېنىم بالام زىخرۇللام، نېمانداق جېدەل تېرىيدىغانسەن؟» دەپ بالىنى تارتىپ ھېلىقى خام سېمىز بالىنىڭ ئۇستىدىن تۇرغۇزىۋەتتى-دە، ھېلىقى خام سېمىز بالىدىن: «جېنىم بالام ئەخمەت خاپا بولمىغىن، زىخرۇللام كىچىك ئەمەسمۇ، ئۇقۇشماي سېنى ئۇرۇپ قويۇپتۇ»، دەپ ئەپۇ سورىغاچ بالىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۇستى-باشلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، ئەندى ئۆيۈڭگە كېتىۋال، مەن بۇ ھارىمىنى دادىسى كەلگەندە راسا ئەدىپىنى بەرگۈزىمەن، دەپ يولغا سالدى. خام سېمىز بالا خەپ توختاپتۇر گادايلار، مەن دادامغا دەپ ئەدىپىڭنى بەرگۈزمىسەم ھېساب ئەمەس، دەپ مۇشتىمىنى تۇگۇپ ئۇلارغا بىر نەچچە رەت شىلتىپ قويۇپ كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ كېتىپ قالدى. گۈلزىرىخان زىخرۇللامنى قولىدىن يېتىلەپ قوراغا ئېلىپ كىرىپ باغرىغا بېسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

ئانىمنىڭ يۈرىكى قاتتىق پۇچىلانغان ئىدى. ئادەتتە زىخرۇللام كەم سۆز، ئەرزىمەس ئىشلارغا ئۇرۇشىدىغان بالا ئەمەس ئىدى.

نېمىشكىمۇ باينىڭ بالىسىغا، يەنە كېلىپ قادىر باينىڭ بالىسىغا تېگىشكەنسەن بالام، ئۇنىڭسىزمۇ قادىر بايدىن تارتىدىغان خورلۇقلىرىمىز ئاز ئەمەس ئىدىغۇ، دەپ يىغلاپ كەتتى. قادىر باي ئەندى بىزدىن ئۆچ ئالسا قانداقمۇ قىلارمىز، داداڭ ئىككىمىزگە بالا تېرىپ بەردىڭ، ھېلىمۇ كۈنلىرىمىزنىڭ غورىگۈل ئۆتىۋاتقىنى يەتمەمدۇ؟ دەپ يىغلاپ كەتتى. بالىنىڭ مۇشتۇملىرى تېخىچىلا تۈگۈلگۈلۈك، قارىقاتتەك كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى. يىغلىمىغىنا ئاپا، ئۆزى بىكاردىن بىكارلا بالىلار بىلەن ئويناۋاتسام ماۋۇ گادايىنىڭ بالىسىنى قارا، كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى دەپ، گەپ قىلمىسام پۇتۇمغا بىرنى تەپتى. ئۇنىڭ پۇتىدا بەتىنكە بولغاندىكىن مېنىڭ پۇتۇمنى قانىتىۋەتتى. بىكاردىن ئۇرغاندىكىن ئۇردۇم، مەن ئۇنى بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئاپا دەپ، باياتىن يىغلىمىغان بالا ئاپىسىغا ئېسىلىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بۇ سەبىينىڭ يۇمران، نازۇك قەلبىنى قانداقتۇر بىر ھاقارەت، بىر كەمستىش لەرزىگە سېلىپ، غەزەپ-نەپرىتىنى ئۆرلىتىۋاتقان ئىدى. ئانا ئانىلىق مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن بالىنىڭ بېشىنى سىيلىغاچ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋاتاتتى.

ئانىنىڭ يۈرىكى ئاچچىق بولۇپ، مۇنچاقتەك ياشلىرى كۆزىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. بالا ئاپىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: «ئاپا، مەن گەپ قىلمىسام ئۇ مېنى قەلەندەرنىڭ بالىسى، قۇرۇق سۇغا زاغرا چىلاپ يەيدىغان گادايلار، شۇنىڭ

ئۇچۇن سەن ئاچا ياغاچتەك قېتىپ قالغان دەپ تىللىدى» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئانىنىڭ غورۇرى دەپسەندە قىلىندى، بۇ خورلۇقلارغا قانچىلىك ئازابلانمىدى دەيسىز.

شۇنداق بولسىمۇ بالىنىڭ يەنە ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ: «جېنىم بالام، ئۇ راست دەيدۇ، بىز گاداي تۇرساق ئۇلار دېگەن بايلار، نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەيدۇ ساقام، بۇندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئوينىما، يەنە ئۇرۇشۇپ قالمىغىن، سەن تېخى كىچىك، جىق ئىشلارنى بىلمەيسەن» ، دەپ بالىنىڭ باش كۆزلىرىگە سۆيۈپ بەزلەۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا بالىنىڭ بىر سوئالى ئانىنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

بالا ئاپىسىنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ: «ئاپا، ئۇلار نېمىشكە شۇنداق باي، ئۇلارنىڭ يوغان هويلىلىرى، چىرايلىق ئۆيلىرى، شۇنداق جىق قوي، كالىلىرى بار، بىزنىڭ نېمىشكە يوق؟» دەپ سوراپ قالدى. ئانىنىڭ بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك، هاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. «ئاھ، خۇدا، -دەيتتى ئانا ئىچىدە، بۇ بالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن؟! خۇدا بىز ساڭا نېمىمۇ گۇناھ قىلغان بولغىيتتۇق؟ سەن نېمە ئۇچۇن ئىنسانلارنى باي-كەمبەغەل يارانتقانسەن؟» دەپ ئىچىدە نالە-پەرياد چېكىۋاتقان بولسىمۇ، بالىغا جاۋاب تاپالمايۋاتاتتى. ئاخىر ئانا زۇۋانىغا كەلدى: «بالام، بىزمۇ سەن چوڭ بولغاندا باي بولىمىز، سەن چوڭ بولۇپ داداڭ بىلەن بىرگە ئىشلەپ نۇرغۇن پۇل تاپىسەن» دېدى ئاران تەستە.

ئانىنىڭ قەلبى قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بالىسىنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ شۇنداق جىگەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەققانىيەتچى كۆچلۈك چوڭ بولىشىتقانلىقىدىن سۆيۈندى.
ئاپىسىنىڭ مۇجمەل جاۋابىغا قايىل بولمىغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ سەبىي بالا كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ: «ئاپا، مەن دادام كەلگۈچە قويلىرىمىغا يەم، توخۇلىرىمىغا دان سېلىپ بېرەي» دەپ ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ بالىلىق شوخلۇقى بىلەن ئۆينىڭ كەينىگە چىقىپ كەتتى. گۈلزىرىخان ئانا بالىسىغا تولۇق جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىدىن خىجالەت بولدىمۇ ياكى بالىنىڭ ئىشچانلىقىدىن سۆيۈندىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقىپ يۈز كۆزلىرىنى يۇيۇپ كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلدى.
كۈنمۇ خېلى كەچ بولۇپ قالغان ئىدى. ئاڭغىچە نادىر ئاخۇنمۇ مۈرىسىگە ئورغاقنى قويۇپ بىر باغ ئوتنى دۈمبىسىگە ئارتىپ ھارغىن قىياپەتتە قورۇغا كىرىپ كەلدى.
نادىر ئاخۇن ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، قارا قاش، كۆزلىرى يوغان، قاڭشارلىق، ئورۇق، ياش تۇرۇپ ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن بەللىرى مۈكچىيىپ قالغان، خۇش پېچىم، چاقچاقچى، ناخشاخۇمار، توغرا سۆزلۈك ئاق كۆڭۈل دېھقان، قەلبىدىكى تۈگىمەس ئازاب-ئوقۇبەت، خورلۇقلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئادەم ئىدى.
نادىر ئاخۇن دۈمبىسىدىكى ئوت بىلەن ئورغاقنى باراڭنىڭ يېنىغا قويۇپ ئۇھ دەپ بىر چوڭقۇر نەپەس ئالدى-دە، ھارغىن قىياپەتتە ئېرىنچەكلىك بىلەن مۇزدەك سۇدا يۈز كۆزلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، بېلىدىكى قارا پوتىسىنى يېشىپ پوتىنىڭ ئۇچىدا يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن بېشىدىكى ئاق كىگىز مالخاينى باراڭنىڭ شېخىغا ئارتىپ قويۇپ، گۈلزىرىخان چايخانىغا سېلىپ

قويغان قوراق كۆرپە بىلەن قوراق ياستۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭدا ياتتى.

گۈلزىرىخان لەگمەن ئېتىۋاتاتتى، لەگمەن سوزغاچ نادىر ئاخۇننىڭ ھارغىن چىرايىغا قاراپ قويدى. شۇ ئەسنادا نادىر ئاخۇنمۇ يەر تېگىدىن گۈلزىرىخانغا زوقلىنىپ قارىدى-يۇ، يۈرىكى قارت قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. نېمىشقىدۇ، نادىر ئاخۇننىڭ كۆڭلى بىر ئەنسىزلىكنى سەزگەندەك ئىدى.

گۈلزىرىخان ئىلاجى بار ئېرىگە روبىرو قاراشقا پېتىنالمىدىمۇ ياكى يىغلىۋېتىشتىن قورقتىمۇ، يانچە ئولتۇرۇپ لەگمەن سوزىۋاتاتتى. تۇيغۇن نادىر ئاخۇن گۈلزىرىخاننىڭ ئۇھ تارتىشىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، جوزىغا يېقىنراق كېلىپ گۈلزىرىخانغا تىكىلىپ قارىدى، قارىدىيۇ، ئايالىنىڭ ياشتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئەمدى گەپ سوراي دەپ تۇرىشىغا، زىخرۇللام شوخلۇق بىلەن تالادىن يۈگرەپ كىرىپ، دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. ئېسىلدىيۇ دادا قارا دۇمبەك ئېچىلىپ، كۆڭلىكىڭ يىرتىلىپ تېرەڭ يېرىلىپ كېتىپتۇ، مەن چوڭ بولغاندا ئىشلەپ پۇل تېپىپ ساڭا يېڭى كۆڭلەك ئېلىپ بېرىمەن، دەپ دادىسىنى سۆيدى.

دادىمۇ بالىنى ئاتىلىق مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ، يۈز كۆزلىرىگە يېنىشلاپ سۆيدى. ئاڭغىچە، گۈلزىرىخان چاچتەك سوزۇلغان، گۆشى بولمىسىمۇ چەيزە، لازا، جاڭدۇلار بىلەن ئەتكەن ئوخشىغان لەگمەننى نادىر ئاخۇننىڭ ئالدىغا قويدى.

—زىخرۇللام قولۇڭنى يۇيۇپ كىر، ساقام، تامىقىڭنى سېلىپ بېرەي،—ئانا شۇنداق دېگىچە زىخرۇللام قولىنى يۇيۇپ كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ جوزىغا كېلىپ چوكىنى قولىغا ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى



ئولتۇردى. گۈلزىرىخان بالىغا ۋە ئۆزىگە ئاش سېلىپ كېلىپ جوزىدا ئولتۇردى. ئولتۇردىيۇ ئېرىنىڭ ئۇن-تىنسىز تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمە بولغاندۇ؟ ئېتىزدا بىرەرسى بىلەن گەپ تەگىشىپ قالغانمىدۇ، دەپ ئويلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تاماقنى ئۇن-تىنسىز يېيىشىپ بولغاندىن كېيىن زىخرۇللامنى ئاغىنىلىرى چاقىرغان ئىدى. ئوينىغىلى ماڭغاچ دادا قويلارغا ئوت سېلىپ، توخۇلارغا دان سېلىپ كاتەككە سولىۋەتتىم، دەپ قويۇپ شۇخلۇق بىلەن قوزىچاقتەك سەكرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

گۈلزىرىخان قاچا-قۇچىلارنى يۇيىۋاتاتتى، نادىر ئاخۇن: «گۈلزىرە، قولۇڭنى يۇيۇپ بۇ يەرگە كەل»، دەپ چاقىردى، گۈلزىرىخاننىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى سەزدى، شۇڭا ئۇ دەرھال قولىنى سۈرتۈپ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. نادىر ئاخۇن ئۇنىڭ قولىنى كاپلا تۇتىۋېلىپ: «كۆزۈمگە قارا، ماڭا يالغان گەپ قىلما، مەن بىلدىم، يىغلاپسەن، دەرۋەقە مەن سېنى ياخشى باقالمىدىم، ياخشى يېگۈزۈپ ياخشى كىيگۈزەلمەيۋاتىمەن، يىغلىما، بىزگىمۇ بىر كۈنى خۇدايىم بېرەر» دەپ ئۇھ تارتتى. گۈلزىرىخان: «نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، مەن ئۇنىڭغا يىغلىمىدىم يوقسىزچىلىق بىزنىڭ گۇناھىمىز ئەمەس»، دەپ بولغان ئەھۋاللارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە نادىر ئاخۇنغا ئېيتىپ بەردى.

نادىر ئاخۇن ئېغىر خورسىندى، «ئاھ، خۇدا، بۇ خۇمسىلارنىڭ دەردىنى ئەمدى بالىلىرىمىزمۇ تارتارمۇ؟ بۇ نېمەن دېگەن خورلۇق-ھە؟!» دېدى ئازابلىنىپ، ئەمما ئۇ ئىچىدە يەنىلا بالىسىنىڭ ئىشىدىن سۆيۈندى، چىرايىغا بىلىنەر بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى-دە، ئايالىغا تەسەللى بەردى:

—قارا بۇ بالىنىڭ يامانلىقىنى، ئۆزىدىن چوڭ ماڭقىنى بېسىۋېلىپ ئۇردى دېگىنە، يارايدۇ. چوڭ بولسا چوقۇم زالىملاردىن بىزنىڭ ئەنتىمىزنى ئېلىپ بېرىدىغان باتۇر بالا بولغىدەك ئۇ، بولدى سەنمۇ يىغلىما، بالاڭ قادىر باينىڭ ماڭقىسىغا بوزەك بولماپتىغۇ، بۇنىڭغا خۇش بولايلى، -دېدى. بۇ كىچىككىنە قورۇغا غورودىن كىرگەندىن كېيىن ئۇدۇلدا كونا ئىككى ئېغىز ئۆي، ئالدى كىچىككىنە سۇپىلىق پېشايۋان، ئۆيگە سايە بولسۇن ئۈچۈن پېشايۋانغا كىچىككىنە ئۈزۈم باراڭ ئارتىلغان بولۇپ، كۈز ۋاقتى بوپ قالاي دېگەچكە ئۈزۈملەرنىڭ ئالدى چېكىلىپمۇ قالغاندەك ئىدى. ئۆينىڭ سول تەرىپىدە كىچىككىنە سۇپا چىقىرىلغان چايخانا بولۇپ، بۇنىڭغا كاۋا باراڭ ئارتىلغان بولۇپ، يەتتە، سەككىز دانە مانتا كاۋىسى، تۆت، بەش تال چاقما كاۋا سارغىيىپ پىشىپ قالغان ئىدى. باراڭدا يەنە ساڭگىلاپ تۇرغان قاپاق، نوگاي، ناسىۋال قاپاقلار باراڭغا يامىشىپ ئېچىلىپ كەتكەن ھەشقىپىچەك ۋە ئوتقاشتەك ئېچىلىپ كەتكەن جاڭجۇڭ گۈللەر قورۇغا ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. چايخانىدىكى ئوچاققا يوغان بىر قازان ئېسىلغان بولۇپ تۈۋاقلىرى ساپسېرىق پارقىراپ تۇراتتى.

ئوچاقنىڭ يېنىدا كىچىككىنە بىر لىڭزا (چاي قايىنىتىدىغان ئوچاق) سېغىز توپا بىلەن پاكىز سۇۋالغان، سۇپا، ئوچاق باشلىرى ھەتتا پېشايۋانلارغىچە پاكىز قىر چىقىرىپ سۇۋالغان بولۇپ، ئادەم سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئەيمىنەتتى. بۇ گۈلزىرىخاننىڭ ئىنتايىن پاكىز، ئەمگەك سۆيەر ئاياللىقىنىڭ ئىسپاتى ئەلۋەتتە.

غورودىن كىرىپ، پېشايۋاننىڭ ئالدىغا كەلگىچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە رەت-رەت ئېچىلىپ كەتكەن مەخمەلگۈل، مىزانگۈل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەيھان، جۇخار گۈللەر بۇ كونا قورۇغا شۇنچىلىك ھۆسن قوشقان ئىدىكى، قورۇغا كىرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىقىپ كەتكۈسى كەلمەي قالاتتى.

چايخانىنىڭ ئارقىسى كىچىككىنە غورو بولۇپ، غورودىن ئارقىغا چىقىسىڭىز بىر كونا ئېغىل، ئېغىلدا ئىككى دانە قوي، بىر دانە قوزىچاق سولاقلىق تۇراتتى. ئارقىدا ئالقانچىلىك باغ بولۇپ، بىرنەچچە تۈپ ئۆرۈك، ئالما، سارىق ئالما، بىر تۈپ ئالگىرات، بىر تۈپ شاپتۇل تام ياقىسىدا مەي باغلاپ، ساڭگىلاپ پىشىپ كەتكەن بولۇپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.

مېۋىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىغا ئۆزلىرىگە چۇشلۇق تېرىۋەتكەن پەمىدۇر، لازا، چەيزە، جاڭدۇ، پىياز، سەۋزە دېگەندەك كۆكتاتلارمۇ شۇنداق ئوخشاپ كەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ كۆكتاتلار دېھقانىنىڭ ئائىلە ئېھتىياجىنى ئارانلا قامدايتتى. گۈلزىرىخان ئىنتايىن پاكىز، چېچەن ھەم ئىشچان ئايال بولغاچقا، ئاشۇ كىچىككىنە ئېتىزدىكى زىرائەتلەر گۈلزىرىخانىنىڭ پەرۋىش قىلىشى بىلەن شۇنداق ئوخشايتتى. ھەربىر تۈپ سەي، ھەربىر تۈپ مېۋىنىڭ ئاستىغا گۈلزىرىخانىنىڭ قانچىلىك قان-تەرى تۆكۈلمىدى دەيسىز. ئارقا تاملار كونىراپ بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ شور بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەگەر بۇ قوروغا قىشنىڭ كۈنى كەلسىڭىز بىر ئەسكى تاملىقتىن ئىبارەت ئىدى خالاس. بۇ نامرات يېزىنىڭ دېھقانلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئاساسي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى. باغنىڭ ئارقا تېمى دەريانىڭ يارىغا يېقىن ئىدى. زىخرۇللام شور ئارتىلىپلا چۈشسە دەريا بويىغا چۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ياردىن پەقەت جىغان بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى. دەريا بويىدا كىچىككىنە ئارال بولۇپ بىر

تـوقـايـلـىق دەريادىن ئايرىپ تۇراتتى. زىخرۇللام باللار بىلەن ئـارالـدىـن چـوڭرراق باللارغا ئىسلىپ قول تۇتۇشۇپ ئۆتۈپ توقايدىن ئوتۇن تىرىشەتتى. ھەر خىل ياۋا مىچىلەر، بۆلجۈرگەن، قـاراقـاتلارنى تىرىشىپ كىلەتتى. بۇ قورۇ-جاي نادىر ئاخۇننىڭ ئاتا-ئانىسىدىن قالغان بىردىنبىر مىراسى بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ سىلىنغانلىقىغا قانچىلىك يىللار بولغانلىقىنى نادىر ئاخۇنمۇ ئىنىق دەپ بىرەلمەيتتى.

نادىر ئاخۇن ئىسىنى بىلگەندىن بۇيان بۇ قورۇ شۇنداق ئىدى. نادىر ئاخۇن ئانىسىدىن كىچىكلا يىتىم قالغان، ئانا خۇلقى كۆرمەي چوڭ بولدى. شۇنىڭدىن كىيىن دادىسى ناسىر ئاخۇن ئۆيلەنمەي بىر تال ئوغلىنى مىڭبىر جاپادا بىر قوللۇق چوڭ قىلدى، شۇ جەريـاندا بۇ ئادەمنىڭ قانچىلىك جاپا-مۇشەققەت تارتقىنىنى بىر ئۆزىلا بىلەتتى. ئۇنىڭ ياپپاش تۇرۇپ مۇكچىيىپ يۈز-كۆزلىرىدىكى يوليول قورۇقلار شۇ زامانىنىڭ، شۇ ئازاب-ئوقۇبەتلىك يىللارنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە تۇراتتى. ناسىر ئاخۇن (نادىرنىڭ دادىسى) مۇ بىر كەمبەغەل دىھقان بولۇپ، مۇشۇ ئۆي، مۇشۇ قورودىن باشقا ھىچقانداق نەرسىسى يوق ئىدى. ھەم بارلىقى، ھەم بايلىقى، ھەم خۇشاللىقى پەقەت بىر تال ئوغلى نادىر ئاخۇن ئىدى.

ناسىر ئاخۇن يازنىڭ كۈنلىرى باينىڭ جاڭزىسىدا يىللىقچىلىق ئـىشلەيتتى. قىشنىڭ كۈنلىرى باينىڭ ئىغىر-يىنىك ئىشلىرىنى قـىلىشىپ بىرىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. نادىر 18 ياشقا كىرگەندە، ناسىر ئاخۇننىڭ قوشنىسى پاتىمەھەدەم تۇيۇقسىزلا ئاغىرىپ يىتىپ قـالـدى. پـاتـىـمـەھـەدەمنىڭ بىر تال قىزى گۈلزىرىدىن باشقا ھىچنەرسىسى يوق ئىدى. گۈلزىرىخاننىڭ دادىسى مولتوختىيۈزلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ ياشلا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پاتىمەھەدەم قىشۇ-ياز خەقلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، بايلارنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، نانلىرىنى يېقىپ بېرىپ، كۆرپە-يوتقانلىرىنى تىكىپ بېرىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى.

شۇنداق بولسىمۇ بىر تال قىزى گۈلزىرىخاننى خەقلەرنىڭ قولىغا قاراتماي ناھايىتى ئەخلاقلىق، شۈكرى قانائەتلىك چوڭ قىلدى. گۈلزىرىخاننىڭ دادىسىدىن قالغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى قەرزگە ھېسابلاپ باي ئېلىۋالغان ئىدى. گۈلزىرىخانمۇ ناھايىتى يېقىملىق، مۇلايىم، ئىشچان، چېچەن، يۈزى تۈۋەن، ئەخلاقلىق قىز بولۇپ ئۆستى.

پاتەمخان ئانا گۈلزىرىخاننى 16 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ خېلى ھاللىق يەرلەردىن ئەلچى كەلسە بەرگۈسى كەلمىدى. چۈنكى مەندىن كېيىن قالسا بالام خارلىنىپ دىلى ئازار يەپ قالارمىكىن، تۇل خوتۇننىڭ قىزى دەپ خەقلەر كۆزگە ئىلماي قويىدۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى. گۈلزىرىخان كىچىكىدىن نادىر بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولۇشتى، باللارنىڭمۇ بىر-بىرىگە كۆڭلى باردەك تۇراتتى. لېكىن ناسىر ئاخۇن ئېغىز ئاچمايتتى. پاتەمخان ئانا ئويلايتتى. بەلكىم ناسىر ئاخۇننىڭ قولى قىسقا بولغاچقا ئېغىز ئاچالمايۋاتقاندۇ، دەيتتى.

بىر كۈنى پاتىمەھەدەمنىڭ كېسەلى تۇيۇقسىزلا ئېغىرلىشىپ، چۈشلىرى بوزۇلۇپ قالدى، تېۋىپقا كۆرۈنەي دېسە پۇلى يوق ئىدى. بىچارەت ئانىنىڭ يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. ئانا ئويلايتتى: ئەگەر تۇيۇقسىزلا مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلۇپ قالسا قىزىم قانداق قىلار دەيتتى. ئاخىر ئانا غەيرەتكە

كېلىپ ناسىر ئاخۇننى چاقىرتىپ كىردى.

بۇ چېچەن قىز ئانىسىنىڭ ئۆينى ئاللىقاچان پەملىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ناسىر ئاخۇننى قىچقىرىپ قويۇپ ئۆزى هويلا ئارامىنىڭ ئىشىنى قىلىش ئۈچۈن تالاغا چىقىپ كەتتى.

پاتەمخان ئانا تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈرۈپ ناسىر ئاخۇنغا سالام بەردى. ناسىر ئاخۇن: ۋاي پاتەمخان مىدىرلىمىسىلا، سىلىنىڭ بۇنچىلىك ئېغىر يېتىپ قالغانلىرىنى ئاڭلىماپتۇق، دەپ ئۆزرىخالىق ئېيتتى. پاتەمخان ئانا نۇرسىز كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى جانسىز قوللىرى بىلەن ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

—ناسىر ئاخۇن، ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىمىز ئوخشاش. بىر ئۆمۈر پۇتۇن كىيىم كىيمەي، تويغىدەك تاماق يېمەي ئىككى بالىنىڭ كۆزىگە قاراپ بىر بېشىمىزنى ئىككى قىلالماي ئۆتتۇق. مېنىڭ ۋاقتى-سائەتىم توشۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. بىرنەچچە كۈن ساناقلىقلا ۋاقتىم قالغاندەك تۇرىدۇ. ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە بالام ئۈچۈن نومۇسنى قايرىپ قويۇپ سىلىگە ئېغىز ئاچاي، مەن بىر تال قىزىمنى تاشلاپ قەرزنى ئادا قىلماي كېتىپ قالسام بولمايدۇ. نەچچە ۋاقتىن بېرى كىرگەن لايىقلارغا كۆزۈم قىيمىدى، مەندىن كېيىن قالسا خارلىنىپ قارلارمۇ، يا دادىسى، يا بىر تۇغقان قېرىندىشى يوق،—دەپلا گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلالماي ياغلىقىنى سىقىمداپ، ئۈنسىز ياش تۆكتى پاتەمخان ئانا.

ئانا ناھايىتى تەسلىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— بالىلارمۇ بىر گە ئويناپ بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئۆتۈشتى. بۈگۈنلا ئىمام، مەزىننى چاقىرىپ كېرىپ نىكاھ قىلغۇزۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتسىلە، مەنمۇ خاتىرجەم كۆزۈمنى يۇماي، — دەپ يەنىلا گەپ قىلالماي يىغلاپ جانسىز گەۋدىسىنى ياستۇققا تاشلىدى. دېمىسىمۇ بىر تىرە بىر ئۇستىخان بولۇپ بۈگۈن۔ئەتىسىلا قالغاندەك تۇراتتى.

ناسىر ئاخۇننىڭ پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ يۈز كۆزلىرىدىن يولىيول تەر تامچىلىرى ئېقىپ چۈشكىلى تۇردى. "ھەي يوقسۇزلۇق، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە. مېنىڭمۇ بۇرۇنلا شۇنداق ئويۇم بار ئىدى. قولىنىڭ قىسقىلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر تال ئوغلۇمنىڭ توينى يۇرت جامەئەتكە كۆرسەتمىسەم قانداق بولىدۇ دەپتىمەن. مەن نېمە دېگەن دۆت ئادەم" دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ناسىر ئاخۇن ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى بۇ نىمجان ئايالغا ئېيتىپ ئۇنى ئازابلىغۇسى كەلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەرلىرىنى پوتىسىنىڭ ئۇچىدا ئېرتىۋېتىپ شۇنداق دېدى:

— پاتەمخان مېنىڭمۇ بۇرۇنراق ئالدىلىرىغا كىرگۈم بار ئىدى. ھەي مۇشۇ كەمبەغەللىچىلىك، قولۇم قىسقا بولغاچقا ئېغىز ئاچالماي كەلگەن، دېمىسىلىمۇ گۈلزىرەم مەھەللىمىزنىڭ گۈلى دېسەكمۇ بولىدۇ. بالىلارنىڭمۇ بىر۔بىرىگە كۆڭلى بارلىقىنى مەنمۇ بىلگەن ئىدىم. سىلىگە كۆپ رەھمەت، مەنمۇ كۆپرەك پۇل تېپىپ بالىنى ئالدىلىرىدىن توي قىلىپ ئەچىقىپ كېتەي دېگەن ئىدىم. ئامال يوق، ۋاقىت قىستاپ قالدى. مەن بۈگۈن چىقىپ ئازراق پۇل قەرز ئالاي، بالىلارغا ئاتاپ بېقىۋاتقان بىر قويۇم بار ئىدى، قالغىنىغا يەنە بىر ئامال قىلىپ مەن ئەتە ئالدىلىرىغا كىرەي—، دەپ

ئورنىدىن تۇردى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پاتەمخان ئانا مىنىڭ تەسلىكتە: — ياق ناسىر ئاخۇن، پۇل قەرز ئالدىغان گەپنى قويسىلا. ھەر ئىككىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۆزىمىزگە ئايان، سىلى قەرز ئالغان پۇل باللارغا قالسا بولمايدۇ. مەن رازى، ئەتىلا نىكاھ ئوقۇتۇۋېتەيلى، مەندىن كېيىن قالسا بالامنىڭ ھەم دادىسى ھەم ئانىسى سىلى، مەن نەچچە كۈنگە بارالمايمەن، — دەپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ، ئايالنىڭ ئاجىز تېنى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان شامدەك ئارانلا مىدىرلايتتى.

ناسىر ئاخۇن: —سەۋرى قىلسىلا پاتەمخان، ئۆزلىرى ئارانلا تۇرىدىلا، مانا بىز بار، گۈلزىرىخان ھەرگىز خارلىققا قالمايدۇ، — دېدى-دە، ئۇنىڭمۇ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك كۆز چاناقلىرىغا كەلگەن ياشلىرىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئۇگىلاپ توختاتتى بولغاي، —ئەمىسە مەن چىقاي، رەھمەت سىلىگە، باللارنىڭ نىكاھىنى ئەتە ئۆتكۈزۈۋېتەيلى—، دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

گۈلزىرىخان بۇ يىل 16 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇ ناسىر ئاخۇننىڭ چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئانىسىنىڭ تېنىنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. چۈنكى بۇ چېچەن قىز ھەممىنى چۈشەنگەن ئىدى. راستىنى دېگەندە كىچىك ۋاقتىدىنۇ بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، ئەمدى چوڭ بولغاندا ئىككىسى ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقىتلاردا ھەر ئىككىسى قىزىرىپ خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك بىر-بىرىنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ ئەنسىز سوقۇشلىرىنى تىڭشاپ تىلسىز تۇرۇشۇپ قالاتتى-دە، ئاندىن ئۆز يوللىرىغا مېڭىشاتتى. نادىرمۇ مەھەللىدىكى باللارنىڭ ئىچىدە ئەدەپ-ئەخلاقلىق، مۇلايىم، كۆچتۆگگۈر يىگىت ئىدى. قىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئانىنىڭ باغرىدا يېتىپ شۇلارنى ئويلاپ كەتتى. يەنىلا پاتەم ئانام ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، قىزنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى — مېنى كەچۈرگىنە قىزىم، مېنىڭمۇ باشقا ئانىلارغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئارزۇ-ئارمانلىرىم بارتى. بىراق كەمبەغەلچىلىك، تۇللۇق ئۇ ئارزۇلىرىمغا يەتكۈزمىدى. داداڭ رەمەتلىك بولسا، سەن 10 ياشقا كىرگەن يىلى كۈزدە باينىڭ ئېتىزىدا ئىشلەۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ئوق تەگكەندەك ئىككىمىزنى تاشلاپ كەتتى. مەن يالغۇز سېنى ياخشى يېگۈزۈپ، ياخشى كىيگۈزۈپ چوڭ قىلالمىدىم. كىيگەننىڭ ئۈستىگە، يېگەننىڭ ئاغزىغا قارىتىپ قويدۇم. مەنمۇ داداڭدەك تۇيۇقسىزلا كېتىپ قالسام بولمايدۇ. بالام سەن تىكەندەك يالغۇز بىر تال قىز، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا نادىر ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپ كۆزۈمنى يۇماي دەيمەن. مەندىن رازى بولغىن قىزىم،— دېگەن سۆزنى ئارانلا قىلالىدى. چۈنكى سۆز قىلىشقا مادارى يەتمەيۋاتاتتى.

قىز ئانىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ تېخىمۇ قاتتىق ئېسەدەپ: "ياق ئاپا... مېنى تاشلاپ كەتمە" دەپ داد-پەرياد كۆتۈرۈۋەتتى. ئانا بىردەم ھوشسىزلىنىپ قالغان ئىدى، گۈلزىرە يىغىدىن ئۆزىنى ئاران توختاتتى-دە، قوشنىسىنى چاقىرىپ كىردى.

قوشنىسى ئايشەمخان 60 لارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئايال ئىدى. دەرھال كىرىپلا ئىشىك، دەرىزىلەرنى ئېچىۋەتتى-دە، بىر چىنە سۇ ئېلىپ كىرىپ پاتەمخاننىڭ يۈزىگە چېچىپ ئىچىدە بىرقانچە ئايەت ئوقۇپ ھۈرگەندىن كېيىن پاتەمخان ئېغىر ئۇھ تارتىپ ھوشىغا كەلدى.

ئەتىسى پاتەمخان ئانا خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغانىدەك ئىدى. كەچكە يېقىن ناسىر ئاخۇن ئىمام، مەزىن بىلەن بىرنەچچە قوشنىسىنى ئېلىپ كىرىپ قوي سويۇپ قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئازراق پولو قىلىشتى. ناسىر ئاخۇن يەنە قىزغا بىر جۈپ ئاياغ، بىر پايپاق، بىر دەنە قەلقەي ياغلىق، بىر دانە تاۋا كۆينەكلىك، بىر دانە باسمىدىن كۆينەكلىك ئېلىپ كىرگەن ئىدى. كەچتە بالىلارنىڭ نىكاھىسى ئوقۇلۇپ قىزنى يۆتكەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پاتەمخان ئانىنىڭ شىرەم تۇغقىنى ئايشىگۈل بۈگۈن كېچە پاتىمەھەدەمنىڭ يېنىدا مەن ھەمراھ بولاي دەپ قونۇپ قالغاچ بالىلارغا ئىسسىقلىق ئۈچۈن چۆچۈرە ئەتتى.

پاتىمەھەدەم كېچىچە ناھايىتى تىنچ ئۇخلىدى، ئۆزى خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. سەھەردە بىر قاتتىق يۆتەل كېلىپ ئازراق قان سەپرا قىلدى. شۇ ئارلىقتا قوشنىلار بالىلارنى چاقىرىپ چىقىشتى.

پاتەمخان ئانا گۈلزىرەنىڭ ئاپا دېگەن بىر ئېغىز سۆزى بىلەن كۆزىنى يوغان ئاچتى-دە، لاپپىدە بالىلارغا بىر قارىۋېتىپ تىنىقىدىن توختىدى. ئانىنىڭ كۆزىدىن سىرقىغان خاتىرجەملىك يېشى مەڭزىدە توختاپ قالدى. گۈلزىرەنىڭ ئېچىنىشلىق داد-پەريادلىرى پۈتۈن مەھەللىگە ئاڭلىناتتى. شۇنداق قىلىپ پاتەمخان ئانا ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى نادىرغا تاشلاپ بۇ دۇنيادىن كەتكەن ئىدى. ئۆلۈكىمۇ ئۈچ كۈن، تىرىكىمۇ ئۈچ كۈن دېگەن بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

نادىر بىلەن گۈلزىرەمۇ ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز دېگەندەك ھەممە ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئىناق ئەر-خوتۇنلاردىن بولۇپ ئۆتىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نادىر ئاخۇن كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى، ئىچىنى ئاچچىق بىر نەرسە قاپلىغاندەك بولۇپ، كىچىچە كۆز يۇممىدى. ھەي كەمبەغەللىك... دەيتتى ئۇ ئىچىدە. خۇدايىم يوقسۇزچىلىقنى نېمانچىمۇ قاتتىق ياراتقانسەن، كەمبەغەل بەندىلىرىڭ ساڭا نېمە گۇناھلارنى قىلغان بولغىيتتى؟ نادىر ئاخۇننىڭ خىياللىرى شۇ يەرگە كەلگەندە تۇگۇلۇككە قارىدى، تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. كىچىككىنە كۆز يۇماي دېگەن ئىدى، ئەمما مەرھۇم دادىسى ناسىر ئاخۇن كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.

نادىر توي قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، خاسىيەتلىك مۇشۇنداق بىر سەھەردە زىخرۇللام دۇنياغا كۆز ئاچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بالا تۆت تاشقا كىرگىچە رەھمەتلىك دادىسى ئۇنى دۈمبىسىگە ئارتىپ چوڭ قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن زىخرۇللام جاھىل، دېگىنىنى قىلدۇرىدىغان مەغرۇر، جۈرئەتلىك، قابىل بالا بولۇپ چوڭ بولدى.

زىخرۇللام تۆت ياشقا كىرگەندە، ناسىر ئاخۇن دۇنيادىن ئۆتتى. نادىر بىلەن گۈلزىرەم بۇ ئېغىر مۇسىبەتلىك كۈنلەرنىمۇ بىللە يىغلاپ ئۆتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر-يېنىك، ئاچچىق-چۈچۈكىمۇ بۇ ئىككى ياشنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. دېمىسىمۇ زىخرۇللام كىچىكىدىن ئەقىللىق، چىچەن، قارام چوڭ بولغان ئىدى، ئۇ ئورۇق بولغان بىلەن، يېشىنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، خەقلەرگىمۇ بوزەك بولمايتتى، باشقىلارنىمۇ يولسىز بوزەك قىلمايتتى. باشقىلار ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنى بوزەك قىلسا، دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاغىنىسىنى قۇتقۇزاتتى. ئۇ ئۆزىدىن چوڭراق بالىلاردىنمۇ قورقمايتتى، ئۆزىنىڭ قارام،

ئەقىل-پاراسەتلىك، كۆچتۆگكۆرلىكى بىلەن باشقىلارنى قورقۇتاتتى. ئۇ كىچىك بولغان بىلەن راست گەپ قىلىدىغان، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان بالا بولۇپ ئۆسۈۋاتاتتى.

نادىر ئاخۇن بىلەن گۈلزىبەرەممۇ بۇ ئۆيدە ئاتا-ئانىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ، ئۆزلىرى قانچىلىك قىينالسىمۇ بىر تال ئوغلى زىبىرۇللامىنىڭ كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلدى. بالىمۇ ئاتا-ئانىنىڭ ئەجرىگە چۈشلۇق ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي بەزىدە ئېتىزغا چىقىپ دادىسىنىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، بەزىدە ئانىسىغا قارىشىپ، ئىككى ساغلىق بىلەن قوزىنى باقاتتى.

نادىر ئاخۇنىنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، گۈلزىبىخانىنىڭ ھويلىنى سۈپۈرگىنى ئاڭلاندى.

نادىر ئاخۇن ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ئاچچىق تاماكىدىن بىر ئورام چېكىپ، تاماكىنىڭ ئىسىنى پۇرقىرىتىپ، بىر-ئىككى قېتىم قاتتىق يۆتۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ تالاغا چىقتى.

چايمۇ تەييار بولۇپ قالغان ئىدى. نادىر يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ناشتىغا ئولتۇردى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئوخشىغان ئەتكەن چاينى ئىچىۋاتاتتى، زىبىرۇللام ئاپىسىنىڭ چېيىگىنى ئىچىۋال دىگىنىگە قارىماي قويلارنىڭ يېنىغا چىقىپ قارىۋېتىپ، توخۇلارغا دان چېچىپ بېرىپ ئاندىن چاي ئىچكىلى كەلدى. بۇ چاغدا نادىر ئاخۇن ئېتىزغا كېتىپ بولغان ئىدى. زىبىرۇللام چاينى ئىچىپ بولۇپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى يارغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە دەريا تەرەپتىن بالىلارنىڭ بىر-بىرىنى قوغلاشقان چاغدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاڭ-چۇڭلىرى دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زىخرۇللام دەريا بويىغا چۈشۈپ، دوستلىرى بىلەن ئارالدىن ئۈزۈپ ئۆتۈشتى-دە، توقايدىن ھەممىسى ئوتۇن تېرىشتى، ئوتۇننى ئارالدىن ئۆتكۈزۈپ باغلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى يەنە توقايغا كىرىشىپ، مۆكۈشمەك ئوينىشاتتى. بۆلدۈرگەنلەرنى تېرىپ كېلىپ، دەريا بويىدا قىپيالىڭاچ بولۇپ قۇمغا ئېغناپ، بىر-بىرىسىگە قوم چېچىشىپ چارچىغاندىن كېيىن، ئارالدا باش چۆكۈرۈپ راسا سۇدا چۆمۈلۈشۈپ، ئاندىن ئوتۇنلىرىنى يۈدۈشۈپ، بۆلدۈرگەنلەرنى ياغلىقلىقا ياكى بۆكلىرىگە سېلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىشەتتى.

بۇ كىچىككىنە ئائىلە كەمبەغەللىكتىن گۆشكە پۇلى يوق، ئىككى مېكياننىڭ تۇخۇمى بىلەن ئاش-تاماق ئېتىپ يەپ، بېقىۋاتقان ئىككى قوينى ئېغىر كۈنلىرى ئۈچۈن ساقلاپ بېقىۋاتاتتى. ئۇنى دەپ بۇنى دەپ زىخرۇللامۇ 10 ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى كىچىك چاغلىماي دادىسى بىلەن ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەيتتى. نادىر ئاخۇن بۇغداي ئورسا زىخرۇللام باغ باغلايتتى. دادىسى خامان تەپسە زىخرۇللام سامان توشۇيتتى، بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ ھەرقانچە ھېرىپ-چارچاپ كەتسىمۇ ۋايسىمايتتى.

نادىر ئاخۇنمۇ ئوغلىنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ جېنىغا ئەسقاتقىنىدىن سۆيىنەتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، دادا-بالا ئىككەيلەن بۇغدايلىقتا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشاتتى. نادىر ئاخۇن ئائىلىسىنىڭ، گۈلزىرىخاننىڭ ئۆتمۈشى، ئىككىسىنىڭ تۇرمۇش قۇرغان ئەھۋاللىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرەتتى.

زىخرۇللام قارىقاتتەك كۆزلىرىنى دادىسىغا تىكىپ، دادىسى ھېكايە قىلىپ بەرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرىدىن نەپرەتلىنىپ، بەزىلىرىدىن سۆيۈنەتتى. ”توۋا، —دەيتتى نادىر ئاخۇن ئوغلىغا مەستلىكى كېلىپ، — ما بالىنىڭ بىردەمدىلا چوپچوڭلا بولۇپ قالغىنىنى“...

زىخرۇللام ئاخشاملىرى مەھەللىدىكى ئاغىنىلىرى بىلەن بايلارنى، باينىڭ يالاقچىلىرىنى، چىرىكلەرنى دوراپ ئويناپتتى ھەم شۇ ئويۇنلىرى ئارقىلىق ئەزگۈچى بايلارنى مازاق قىلاتتى. بەزىدە دەريا بويىدىكى توقايلىقلاردا مەنمۇ چوڭ بولغاندا سادىر پالۋان بوۋامدەك چىرىكلەرنى ماندىاق چەنلەپ ئاتىمەن، دەپ ئۆزى ياسىۋالغان رەكەتكە بىلەن تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدىكى قاغىلارنى چەنلەپ ئاتىدىغان بولسا، رەكەتكە ئوقى دەل جايىغا تېگىپ، قاغىلار پوككىدە يەرگە چۈشەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتەتتى. زىخرۇللام ئاشۇنداق زېرەكلىكى، ئەقىل-پاراستى ۋە پالۋانلىقى بىلەن مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتاتتى. ھەتتا ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ بالىلارمۇ ئەيمىنەتتى. ئەگەر ئۇ بىرەرسى بىلەن تۇتۇشۇپ قالسا، رەقىبىنى تېزلىك بىلەن گۈپپىدە يەرگە باساتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، نادىر ئاخۇن بىلەن گۈلزىرىخان بىر تال ئوغلىدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتى.

دەل مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىلى ۋادىسى ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىدى، بۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تازا غالجىرلاشقان ۋاقتى بولۇپ، ئۇلار شەھەردە ئاكۇپ كولاش، پوتەي ياساش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەھەر كىشىلىرىدىمۇ بىر خىل ۋەھىمە، ئەنسىزچىلىك بار ئىدى. لېكىن بۇنى ھېچكىم تېشىغا چىقىرالمايتتى. شەھەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غالجىرلىشىپ ئاق-قارىنى ئايرىمايلا كۆپلەپ ئادەم تۇتىۋاتاتتى. زىيالىيلاردىن تارتىپ چەت ئەللەرنى كېزىپ كەلگەن سودىگەرلەر، بەزىبىر مەرىپەتپەرۋەرلەرمۇ شۇ قاتاردا، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

تۆت ئادەم بىر يەرگە يىغىلىپلا قالسا، گومىنداڭنىڭ پايلاقچىلىرى دەرھال ئۇلارنى نازارەت قىلىپ، ئازراقلا گۇمان قىلغانلارنى قارا-قويۇق تۇتۇپ ساقچىخانىغا سولايتتى. ئاۋام خەلقنىڭ ئۈستىگە كۆپلەپ سېلىق سالاتتى، ئۇلار باجگىرلارنى سەھرالارغا چىقىرىپ، دېھقانلارنىڭ يىغا-زارىسىغا قارىماي قارشىلىق قىلغانلارنى ئۇرۇپ-دۇمبالاپ، ئۆيىدىكى بارى-يوقىنى باجغا ھېسابلاپ ئالاتتى.

نادىر ئاخۇن يالغۇز ئوغلى زىخرۇللام بىلەن قادىر باينىڭ ئازراق يېرىنى ئېلىپ، ئورتاق بۇغداي تېرىغان ئىدى، بىراق شۇ يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، يەردىن ھېچقانچە ھوسۇل چىقمىدى. قىشنىڭ غېمىنى قىلىشتا پەقەتلا بارى-يوقى بېقىۋاتقان ئىككى قويىغا ئۈمىد باغلاپ، ئاتا-بالا ئىككىسى باغلارنىڭ ئارىسىدىكى چۆپلەرنى قىشلىق يەم-خەشەك ئۈچۈن ئورۇپ باغلاپ قۇرۇتتى. غازاڭلارنى، مەڭگەن، سامانلارنى يىغىپ ئازراق بىر نەرسە توپلىۋالدى. قىرىشقاندەك ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردىن باج يىغىش ئۈچۈن باجگىرلار چىقتى. ئۇلار قادىر باينىڭ بىرنەچچە غالچىلىرى بىلەن كەلگەن ئىدى. شۇ يىلى قىشلاق تام يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ھال كۈنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھەممە

ئائىلىدە ئەنسىزچىلىك، غەم-قايغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى، دېھقانلارنىڭ بېشى غەمدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. باجگىرلار ھەربىر ئائىلىگە كىرسە، شۇ ئائىلىدىن قىيا-چىيا، يىغا-زارە ئاڭلىناتتى. باجگىرلار دېھقانلارنىڭ قوي، كالىلىرىنى باجغا ھېسابلاپ ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى، دېھقانلار قويلارغا، كالىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ داد-پەرياد قىلىشاتتى.

دەل شۇ چاغدا زىخرۇللام دەريا بويىدىن قايتىپ كېلىپ، مەھەللىدىكى بۇ يىغا-زارىغا چىدىمىدىمۇ، قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقان چىرىكلەرنىڭ بىرىگە تامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ رەگەتكە ئاتقان ئىدى، بىر چىرىك "ۋايجان!" دەپلا قالدى. رەگەتكە تېشى چىرىكنىڭ كۆزىگە تەگكەن بولۇپ، چىرىكنىڭ كۆزىدىن شۇرقىراپ قان ئېقىۋاتاتتى. ئاڭغىچە يەنە بىر چىرىكنىڭ قولىقىنىڭ ئۇچىنى رەگەتكە بىلەن ئاتقان قىرلىق تاش ئۈزۈۋەتتى. چىرىك ۋايسىغىنىچە ئۇياق-بۇياققا يۈگۈردى، بىراق ئۇنىڭغىچە زىخرۇللام كۆزدىن غايىب بولدى.

مەھەللىنىڭ ئىچىدە چىرىكلەر ئۇپۇر-توپۇر بولۇشۇپ كەتتى، ھەممە ئادەم ئەنسىزلىك ئىچىدە ھاڭ-تاڭ بولۇشۇۋاتاتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قادىر باينىڭ يەنە بىرقانچە چوماقچىلىرى مەھەللىگە يېتىپ كېلىپ، مەھەللىدىكى باللارنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلغىلى تۇردى. نادىر ئاخۇن بىلەن گۈلزىرىخاننىڭ يۈرىكى "قارت"لا قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئىشنى زىخرۇللامنىڭ قىلغانلىقىنى ئاللىقاچان پەملىگەن ئىدى. ئاھ خۇدا! تىكەندەك شۇ ئوغلۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! دەيتتى ئۇلار ئىچىدە. باللارنىڭ ئىچىدە زىخرۇللامنىڭ يوقلىقىنى سەزگەن يالاقچىلارنىڭ بىرسى نادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاخۇندىن:
— ئوغلۇڭ قېنى؟ — دەپ سوراپ قالدى.
ئۇنىڭغىچە مەھەللىدىكى زىخرۇللامنىڭ ئاغىنىلىرى چۇرقىرىشىپ:
— بىز دەريا بويىدىن قايتىپ كەلگەندە، زىخرۇللام توقايلىقتا ئوتۇن تېرىپ قالغان، — دېيىشتى.
— مەن سەنلەردىن سورىمىدۇم، نادىردىن سوراۋاتىمەن! — دېدى يالاقچى شالىنى چېچىپ.
— ئېتىزلىقتىن كەلسەم بالا ئۆيدە يوق ئىكەن، — دېدى نادىر ئاخۇن ئارانلا زۇۋانغا كېلىپ.
لېكىن زىخرۇللامنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغان بۇ يالاقچى تامىقىنى قىرىپ قويۇپ: — سېنىڭ مەرگەن بالاڭ توقايدا قاغىلارنىڭ كۆزىگە رەگەتكە ئېتىۋاتقاندۇ ھەقىچان؟ — دەپ نادىر ئاخۇننىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى.
نادىر ئاخۇن لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا ئوغلىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. چېرىكلەر نادىر ئاخۇننىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە نادىر ئاخۇننىڭ ئىككى قويىنى باجغا ھېسابلاپ ئېلىپ ماڭدى.
— مېنىڭ بوغداي تېرىغان يېرىم باينىڭ يېرى تۇرسا، باجنى باي تۆلىمەي مەن تۆلەمدىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇياق بېجى تۆلىگىدەك مال-چارۋام بولمىسا مېنىڭ! ئۇنداق قىلماڭلار، بارى-يوقى ئىككى چىچقاق ساغلىقىم بار، ھەممىڭلار بىلىسىلەر، قۇرغاقچىلىق بولغاچقا يەردىن ھوسۇلمۇ ئالالمىدىم، مۇشۇ ئىككى قويىنى سېتىپ، پۇلىغا ئاشلىق ئېلىپ يەپ قىشنى ئۆتكۈزەرمەن

دېگەن ئىدىم. ماڭا ئىچكىلار ئاغرىسۇن، ئىنساپسىزلىق، يولسىزلىق قىلماڭلار!— دەپ يالۋۇردى. قويلارغا ئېسىلىۋېلىپ ھۆكرەپ يىغلىدى. بىراق باينىڭ غالچىلىرى قوينى تارتىۋالغانىنى ئاز دەپ نادىر ئاخۇننى بىزگە قارشىلىق كۆرسەتتىڭ دېگەننى باھانە قىلىپ، قاتتىق ئۇرۇپ-دۇمبالىدى ۋە نادىر ئاخۇننىڭ مەيدىسىگە قاتتىق دەسسىۋېتىشتى.

بۇ كۈنلەردە قىشلاق تامدىكى نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ بېشىغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىر كۈنلەر كېلىۋاتاتتى. گۈلزىرىخان يىغلىدى، قاقشىدى، قوشنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن نادىر ئاخۇننى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزدى. نادىر ئاخۇننىڭ كۆڭلەكلىرى يىرتىلىپ، قامچا تەگكەن دۇمبىلىرى تىلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئاغزىدىن، بۇرنىدىن قان ئېقىۋاتاتتى.

گۈلزىرىخان بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ نادىر ئاخۇننىڭ ئېغىز-بۇرنىدىن چىقىۋاتقان قاننى توختاتتى. نادىر ئاخۇننىڭ نە گەپ قىلغۇدەك ھالى، نە ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. ئۇ كۆزىنى ئاچماي نىمجان ياتاتتى. شۇ ۋاقىتقىچە زىخرۇللام ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەن ئىدى.

زىخرۇللام يېرىم كېچە بولغاندا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. چۈنكى ئۇ مەھەللىدىن قاچقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا "ئۆيگە بالدۇر قايتىپ كەلمە"، دەپ خەۋەر بېرىۋەتكەن ئىدى. زىخرۇللام ئۆيگە كېلىپ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆردى-دە:

—جېنىم دادا! كۆزۈڭنى ئاچقىنا، ساڭا نېمە بولدى؟ مەن ئۇ يالاقچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن! — دەپلا تالاغا يۈگۈردى. گۈلزىرىخان ئوغلىغا يالۋۇرۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئاچچىغىڭغا ھاي بەر بالام، ئۇلار دېگەن جىق ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ قولىدا مىلتىق بار. ئۇلار سېنىمۇ ئېتىۋەتسە ئىمجان ھالەتتە ياتقان داداڭ بىلەن مېنى كىم باقىدۇ؟ — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. شۇ تاپتا زىخرۇللامنىڭ ئاچچىقتىن پۈتۈن ئەزايى جالاقلاپ تىترەيتتى.

— جېنىم بالام... بىزگە مۇشۇ كۈنلەرمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمدى سەن ماڭا خاپىلىق تېپىپ بەرمىگىن... — ئانا زىخرۇللامنىڭ بېشىنى ئانىلىق مېھرى بىلەن سىيلىغان ھالدا ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— جېنىم ئاپا... بولدى يىغلىمىغىن، سېنى ھەرگىزمۇ خاپا قىلمايمەن، — دېدى زىخرۇللامۇ ئېسەدەپ يىغلاپ.

كەمبەغەللەر بىلەن كىمنىڭمۇ كارى بولسۇن؟ شۇنىڭدىن كېيىن، نادىر ئاخۇن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ۋە پات-پاتلا قان سەپرا قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ نادىر ئاخۇننى تېۋىپقا كۆرسەتكۈدەك نەدىمۇ پۇلى بولسۇن؟ ئۇلار نادىر ئاخۇننىڭ دۇمبىسىگە، قورسىقىغا كىچىك بالىلارنى سىيگۈزۈش قاتارلىق يەرلىك ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى، بىراق بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھېچقاندىقى ئۈنۈم بەرمىدى. نادىر ئاخۇن ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى نادىر ئاخۇن گۈلزىرىخاننى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتى ۋە خوتۇننى ئەمدىلا كۆرىۋاتقاندەك كېسەلدىن ئاجىزلاپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىنى گۈلزىرىخانغا تىككىنىچە يامغۇردەك تۆكۈلىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى توختىۋالالماي قالدى. ئۇ گەپ قىلاي دەيتتىيۇ، ئېغىزى گەپكە كەلمەيتتى. قىستاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم

ۋەھىمىسىنى ئايالىغا سەزدۇرمەسلىككە تىرىشاتتى. گۈلزىرىخاننىڭ كۆزىدىن تۆكۈلىۋاتقان ياشلار شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئىدىكى، بۇ ئۈنسىز تۆكۈلىۋاتقان كۆز يېشىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى ئەر-خوتۇن ئىككەيلەنلا بىلەتتى. چۈنكى كۆزدىن ئېقىۋاتقان بۇ ياشلار ئەر-خوتۇن ئىككەيلەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۇدالىقىنىڭ ئۈنسىز نىداسى، ئىككى قەلبنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق پەريادى، ئاھۇ زارى ئىدى... ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىتلار ئۆتتىكىن، چىراغنىڭ نۇرسىز يورۇقى ئاستىدا بۇلار كۆز ياشلىرىنى تەستە توختاتتى.

گۈلزىرىخان نادىرنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ بىر قولى بىلەن ئېرىنىڭ بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچكۈزدى. جان ئۈزۈش ئالدىدىكى جانسىز تەن بىر يۆتۈم سۇنى تەستە يۇتۇپ يەنىلا گۈلزىرىخاننىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، مەيدىسىگە مەھكەم بېسىپ ناھايىتى تەستە: "گۈلزىرىخان... ئىككىمىز تۇرمۇش قۇرغىلى 11 يىل بولدى، بالىمىز بۇ يىل نەق 10 ياشقا كىردى. مەن سەن بىلەن توي قىلغاندا سەن بىر تۇزىماس گۈل ئىدىڭ، ئاھ... ئەمدىچۇ، ۋاقىتسىز تۇزىدىڭ، يوپۇرماقلىرىڭ ۋاقىتسىز سولىشىپ قۇرۇۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كەمبەغەلچىلىكىمنىڭ كاساپىتى. بىز تۇرمۇشتا غورىگۈل ئۆتكەن بولساقمۇ، سەن ھەممىگە ياۋاشلىق بىلەن شۈكرى-قانائەت قىلدىڭ، بىز ئىنتايىن ئىناق-ئىجىل ئۆتتۇق، مەن سېنى چىن يۈرىكىمدىن شۇنچە سۆيۈپ تۇرۇپ، قولۇمنىڭ قىسقىلىقىدىن، يالغۇزلۇقىمدىن ساڭا ياخشى كىيگۈزۈپ ياخشى يېگۈزەلمىدىم. قەلبىمدىكى گۈزەل تۇرمۇشۇمغا بولغان ئارزۇ-ئارمانلار ئۆزۈم بىلەن بىرگە كېتىدىغان بولدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



... ئىككىمىز تەقدىرگە تەن بەرمىسەك بولمايدۇ. چۈنكى مەن سېنى ۋاقىتسىز تاشلاپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. بۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى، سەن تېخى ياش ئىدىڭ، سېنى سولدۇرۇپ مۇشۇ غۇربەتچىلىك چىرماپ تۇرغان ئۆيگە تاشلاپ قويىدىغان بولدۇم، بۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق، سەن مەندىن رازى بولغىن، بىر تال ئوغلىمىز زىخرۇللا چوڭ بولغۇچە جاپا تارتىدىغان بولدۇڭ لېكىن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، بالىغا ياخشى قارا. سەن مېنىڭ ۋاپادار ئايالىم ئىدىڭ. قىسقا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا، ساڭا كۆز ياش، غۇربەتچىلىك، ئازابتىن باشقا ھېچنەرسە قالدۇرالمىدىم، ماڭا قارا" دېدى— دە، گۈلزىرەمگە قارىغان ئوتلۇق، يوغان كۆزلەر توچكىدا قېتىپلا قالدى. گۈلزىرە نادىرنىڭ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ تەستە قىلالىغان سۆزىنى تولۇق ئاڭلىمىغان بولسىمۇ ھەممىنى چۈشەنگەن ئىدى. بىچارە ئايال "نادىر نېمە بولدىڭىز؟" دېگۈچە، نادىر ئاخۇننىڭ گۈلزىرىنى تۇتۇپ تۇرغان قولى لاسسىدە چۈشۈپ كەتتى.

10-ئاينىڭ ئاخىرى كەچ كۈزنىڭ بىر ئاخشىمى ئاخىرقى يوپۇرماقلارمۇ غازاڭ بولۇپ تۆكۈلۈۋاتقاندا، بۇ ئۆيدىكى نۇرسىز چىراغمۇ ۋاقىتسىز ئۆچكەن ئىدى.

گۈلزىرىخان بىچارە يالغۇز ئوغلى بىلەن يىغلىدى، قاقشىدى. بۇ يېزىدىكى قادىر بايدىن باشقا، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەقدىرى گۈلزىرىخان بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار بۇغداي سۆزلىرى بىلەن گۈلزىرىخانغا تەسەللى بەردى. نادىر ئاخۇننى كۆپچىلىك يۇيۇپ، تاراپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكىدە قويۇشتى. يەتتە كۈنىمۇ ئۆتتى، كەمبەغەللەر قېتىش-قۇراشتۇرۇش قىلىپ بىر قازان ئۇماچ بىلەن يەتتە نەزىرىنى

قىلىشتى. بىچارە گۈلزىرىخاننىڭ يەنىلا قادىر باينىڭ ئالدىغا بارماقتىن باشقا ئىلاج قالمىغان ئىدى.

گۈلزىرىخاننىڭ بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش زىخرۇللامنى يېتىلەپ قادىر باينىڭ ئالدىغا باردى. چۈنكى نادىر ئاخۇننىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن، نەزىردىن كېيىن ئاغىچا خىنىملارنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، نېنىنى يېقىپ، يۇگۇر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ بېرەي دەپ پۇل قەرز ئالغان ئىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەت، گۈلزىرىخان بالىسى بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ كۈنلەر بېشىغا كەلگەندە، گۈلزىرىخان ئەمدىلا 28 ياشتا ئىدى. ئۇمۇ تېخى بالا ئىدى. زىخرۇللام 10 ياشتا دادىسىدىن قالدى.

ئانا-بالا يېتىلىشىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قادىر باينىڭ قورۇسى ئەنجان تاملىق يوغان دەرۋازىلىق بولۇپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا نەقىشلەنگەن ئىدى دەرۋازا ئۆزگىچە ئاۋازدا ھەيۋەت بىلەن ئېچىلاتتى. دەرۋازىدىن كىرگەندە كۆنگەيگە قارىتىپ سېلىنغان ئېگىز پېشايۋانلىق ئۆيلەر بولۇپ، پېشايۋاننىڭ چۆرىسىگە ياغاچتىن قىرما رىشاتكا قىلىنغان، رىشاتكا ھەر خىل رەڭلەردە سىرلانغان ئىدى. پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكلىرى، ئۈستى ماڭلايلىرى ياغاچنى ئويۇپ نەقىشلەنگەن. ئۈستى زەڭگەر سىردا، پېشايۋاننىڭ ئاستى بېغىرەڭ سىردا سىرلانغان ئىدى. پېشايۋاننىڭ ئالدى گۈللۈك بولۇپ، دەرۋازىدىن پېشايۋانغا كەلگىچە ئىككى تەرەپ سېرىنگۈل ئىدى. پېشايۋاننىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكتە ھەر خىل 9-ئاي گۈلى، جۇخار، سەبدە، مەخمەل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، پۇراقلىرى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. پېشايۋان ئوتتۇرىسىدا نەقىشلىك چوڭ ئىشىك بولۇپ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرسىڭىز زال،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تورى



زالىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئايالىنىڭ ھۇجرىلىرى، ئۇدۇلدا چوڭ مېھمانخانا بار ئىدى.

قورونىڭ ئوڭ تەرىپىدە كىچىككىنە بىر شىپاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا ھەر خىل گۇللەر يامىشىپ سايە تاشلاپ تۇراتتى. شىپاڭنىڭ رىشاتكىلىرىمۇ نەقىشلىك بولۇپ ساپ ياغاچتىن قىرما قىلىپ ياسالغان ئىدى.

شىپاڭغا ئاغىچىلارنىڭ قايسىسى بۇرۇن بارسا شۇ دەم ئالاتتى. شىپاڭغا قىزىل زىلچا سېلىنغان، ئىككى تەرىپىگە تەتىللا كۆرپىلەر سېلىنىپ، ماۋۇق ياستۇقلار قويۇلغان، ئوتتۇرىدا كىچىككىنە بىر جوزا بولۇپ بىر تەرەپتە ئاغىچا خېنىم، بىر تەرىپىدە قادىر باي سالقىنلايتتى.

بۇ شىپاڭنى ئاغىچا خېنىملار بىلەن قادىر باينىڭ گۇللەردىن ھۇزۇرلىنىپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەل ۋاقىتلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان بۆشۈكى دېيىشكە بولاتتى. قادىر باينىڭ ئۆيلىرى ھەرقانچە گۈزەل بېزەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بىر خىل سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق تۇس ۋە زالىملىق چىقىپ تۇراتتى. گۈلزىرىخان دەسلەپ كەلگەن ۋاقتىدا، ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئۆيلىرىنى تازىلاپ، كىر قاتلىرىنى يۇيۇپ، يۇگۇر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ يۈردى، گۈلزىرىخان ئايىغى يېنىك، چىقىشقاق، يۈزى تۆۋەن، ھايا-نومۇسلۇق چوكان بولغاچقىمۇ، ئاغىچا خېنىملارغا بەك ياراپ كەتتى. بولۇپمۇ كىچىك ئاغىچا خېنىمغا بەكلا ياراپ كەتتى. چۈنكى كىچىك ئاغىچىمۇ 26 ياشلاردىكى ئاق پىشماق، قاش كۆزى تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق چوكان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن گۈلزىرىخاننى "ئاشخانىدا تاماق

ئەتسۇن" دەپ ئاشخانىغا چىقىرىپ قويدى. گۈلزىرىخان ھەقىقەتەنمۇ ئاش-تاماققا ئۆزگىچە ئۇستا، ھەم چاققان، كەم سۆز ئايال ئىدى.

گۈلزىرىخان خەقلەر سەھەردە بامداتقا ماڭغاندا، باينىڭ ئۆيىگە كەلسە، كەچتە خەقلەر خۇپتەندىن قايتقاندا، ئاران بىكار بولۇپ ئۆيىگە قايتاتتى. زىخرۇللامۇ ئاشقان تاماقلارنى يېسىمۇ ھەر ھالدا قورسىقى تويۇپ چوڭ بولۇۋاتاتتى. كىچىك ئاغىچىنىڭ بەزىدە ئىچى ئاغرىپ قالاتتىمىكىن، ئاشقان تاماقلارنى، پارچە نانلارنى "بالاڭغا ئالغاچ كەت" دەپ چوڭ ئاغىچىغا كۆرسەتمەي بېرەتتى.

زىخرۇللام 12 ياشقا كىرگەندە، بىر كېچىسى گۈلزىرىخان ئىشتىن قايتىپ كېلىپلا ئۆزىنى تاشلاپ ئوت كاۋاپ بولۇپ قىزىپ يۆتىلىپ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى.

بىچارە بالا قورقۇپ كېتىپ قوشنىلارنى چاقىرىپ كىردى. قوشنىلار كۆرۈپ، "ئەسۋى چىقىپتۇ" دەپ دۇمبىسىنى ئىلدى، ئاندىن پىيازنى توغراپ قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، دۇمبىسىگە سۇركەپ قويۇپ، "ئاپاڭغا ياخشى قارا" دەپ چىقىپ كېتىشتى.

گۈلزىرىخان كۆزىنىمۇ ئاچماي ياتاتتى. سەھەرگە يېقىن ئانا ئاستا قىزىتمىسى قايتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

بالا ئانىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۇمران قەلبى قوقاستا كۆيگەندەك پۇچۇلىناتتى ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىچارە ئاپام مېنى باقىمەن دەپ شۇنداق قىينىلىۋاتىدۇ، مەنمۇ 12 ياشقا كىرىدىم، ئەمدى ئاپامنى ھەرگىز بايلارنىڭ بوسۇغۇسىغا يولاتمايمەن، قادىر باينىڭ مېلىنى بېقىپ ئاپامنى ئۆزۈم باقىمەن، مەن دېگەن ئوغۇل بالا، ئەمدى ئاپامنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققۇزسام بولمايدۇ، دەپ ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ ئۆزىمۇ سەزمەي ئۇخلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالدى.

گۈلزىرىخان كۆزىنى ئېچىپ ئويغانغاندا، ئۆيگە كۈن نۇرى چۈشۈپ، ۋاقىت بىر يەرگە بارغان ئىدى.

گۈلزىرىخان چۆچۈپ كەتتى-دە، تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتۈن ئەزايىنىڭ چىقىپ ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماي، يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ، قادىر باينىڭ ئۆيىگە بارىمەن، دەپ ماڭغان ئىدى. زىخرۇللام ئانىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ قەتئىي ماڭغۇزمىدى. "ياق جېنىم ئاپا، ئەمدى مەن چوڭ بولدۇم، باينىڭ مېلىنى بېقىپ سىنى ئۆزۈم باقىمەن، سەن يېتىپ دەم ئېلىپ ساقايغىن" — ئۇ شۇنداق دېدى-دە ئانىسىنىڭ توسقۇنىغا ئۇنىماي باينىڭ ئۆيىگە كەتتى. زىخرۇللام يېشى كىچىك، ئورۇق بولغان بىلەن بويى 16 ياش باللاردەك ئېگىز، كۆچتۈگگۈر بالا ئىدى.

زىخرۇللام قادىر باينىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇلار يازلىق چايخانىدا چاي ئىچىشىۋاتاتتى. بالا بايغا ئاپىسىنىڭ كېچىچە قىزىپ، يۆتىلىپ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئانىسىنىڭ ئورنىغا ئۆزى كېلىپ مال بېقىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. كىچىك ئاغچا ئىشەنمەي گۈلزىرىخاننىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ راستىنلا ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قادىر بايغا: "سىلى بۇ بالىنى ئېلىپ قالسىلا، لېكىن گۈلزىرىخان ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن چوقۇم كېلىپ مۇشۇ ئۆيدە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا قارىشىدۇ"، دەپ شەرت قويدى.

قادىر باي زىخرۇللامغا قىزىقىپ قالدى. چۈنكى بالىنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، بويى ئېگىز، قاۋۇل، كۆچتۈگگۈر بولۇپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زىخرۇللام

بۇ ئۆيدە قېلىپ قالدى. لېكىن زىخرۇللام كىچىك بولسىمۇ قادىر
باي بىلەن ئىش ھەققى توغرىلىق توختام تۈزۈشتى. قادىر باي
زىخرۇللامنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر خو بوغداي، 100
تەڭگە پۇل، قىشلىق-يازلىق بىرەر قۇر ماتادىن كىيىم بېرىدىغان
بولۇپ توختامغا قول قويدى. زىخرۇللام ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ
ئانىسىغا بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. لېكىن ئانىنىڭ ئىچى
ئىنتايىن ئاچچىق بولۇپ، "ياق بالام بولمايدۇ، مال بېقىش ئاسان
بولغىنى بىلەن بەزىدە ھاقارەتلىنىسەن، بەزىدە تاياق يەيسەن،
كەمسىتىلىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بايلارغا، ئۇلارنىڭ
بالىلىرىغا بەك ئۆچ، ئەگەر باينىڭ بالىسىنى ئەمدى ئۇرۇپ
قويساڭ، سولاققا كىرىپ كېتىسەن" دېگىنىچە زىخرۇللامنى باغرىغا
بېسىپ يامغۇردەك ياش تۆكتى.

بالا ناھايىتى تەمكىن ئىدى، ئۇ خۇددى چوڭ ئادەمدەك ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىپ ئاپىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ: "يىغلىما ئاپا،
سەن ئۈچۈن ھەرقانداق خورلۇق، ئازاب-ئوقۇبەت،
تاياق-توقماقلارغا يولۇقساممۇ چىدايمەن! مەن دېگەن ئوغۇل بالا.
يەرگە يىقىلساممۇ يىقىلغان يېرىمدىن بىر سىقىم توپىنى سىقىمداپ
ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم كېرەك" دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. بىچارە ئانا
بالىسىنىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولدى. بالىنىڭ باش-كۆزلىرىنى
سىيلىدى ۋە "لېكىن بالام، قادىر باينىڭ بالىسىغا تېگىپ قويما،
داداڭ رەھمىتى تاياق زەربىدىن قان قۇسۇپ ئۆلدى، بۇنى ئېسىڭدىن
چىقارما" دېدى، شۇنىڭدىن كېيىن، بالا قادىر باينىڭ
قوي-كالىسىنى باقتى.

قادىر باي بوغداي ئۆڭ، ئېگىز، قارا قاش، يوغان قورساق،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



كەيپ-ساپاغا ئامراق، يېشى 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان زالىملىقى چىرايىدىن چىقىپلا تۇراتتى. قادىر باينىڭ ئاغچىلىرىدىن تارتىپ مالايلىرىغىچە قادىر باينىڭ ئۇنىنى ئاڭلىغان ھامان مۈشۈكتىن ئۈركىگەن چاشقاندەك ئۆگىلىرىغا كىرىشىپ كۆزدىن غايىب بولۇشاتتى.

زىخرۇللام كېچىسىمۇ ئۆيگە قايتالمايتتى. ئېغىلنىڭ يېنىدىكى سامانلىقتا يېلىڭ يالىڭاچ ياتاتتى. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ باينىڭ بەرگەن ئىككى دانە كۆمىچىنى قوينىغا سېلىپ چىقىپ كەتسە ماللارنى ھايداپ ناماز شامدىن سەل بۇرۇنراق قايتىپ كېلىپ، ئاشقان قاتتىق-قۇرۇق تاماقلارنى يەپ، يەنە ياتقىچىلىك قورانىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىغا قارىشاتتى. بۇ بالا ئەقىللىق ھەم ئۆزىنىڭ ئىشىغا پىششىق ئاق كۆڭۈل بولغاچقا ئۆزىنىمۇ-ئۆزگىنىمۇ قاتتىق ئايايتتى. زىخرۇللام قويلارنى ھەيدەپ ئېگىزلىقتا قويۇۋېتىپ ئۆزى دەريا بويىغا چۈشەتتى-دە، ئارالدىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ توقايلىقتا يەنىلا رەگەتكە بىلەن ھەر خىل قۇشلارنى ئېتىپ مەشىق قىلاتتى. بۇنىڭ ئاتقانلا تېشى زايا بولمايتتى.

ئاندىن باللار بىلەن دەريادىن ئۇ قاتقا كالىنىڭ، ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئۈزۈشۈپ ئۆتەتتى. ئۇ قاتتىكى ئۆزى دېمەتلىك باللار بىلەن چېلىشىپ ئوينىشاتتى. ھەر دائىم ئۆزىدىن چوڭ باللارنىمۇ زىخرۇللام كۆتۈرۈپلا باساتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بولسۇن ياكى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى باللار بولسۇن زىخرۇللامنى ھۆرمەت قىلاتتى ھەم ئۇنىڭدىن قورقاتتى. باينىڭ ئوغلى بۇنىڭ كارامىتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن قورقۇپ زىخرۇللامنى كۆرسە بەدەر قاچاتتى. زىخرۇللامنىڭ ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇشىغا

ئەگىشىپ ئەزگۈچى فېئودال زومىگەرلەرگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىكى كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتاتتى. زىخرۇللامنى دادىسى 10 ياشقىچە ئوقۇتقان ئىدى. قوي باققىلى بارغان بالىلارغا ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. بولۇپمۇ چىن تۆمۈر باتۇر ھېكايىسىنى ئاجايىپ تەسىرلىك قىلىپ، قولىدا قويچى تايىقىنى قىلىچ قىلىپ تۇرۇپ چىن تۆمۈر باتۇرنى دوراپ ئېيتىپ بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھەللىدىكى بالىلار ھەتتا چوڭلارمۇ بۇ بالىغا بەك ئامراق ئىدى. كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ، ھەش-پەش دېگۈچە زىخرۇللام 15-16 ياشقا كىرىپ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدى. بەزىدە بۇ بالىدىن قادىر باينىڭمۇ ئەيمىنىپ قالىدىغان چاغلىرى بولاتتى.

شۇنداق تىنچ قويچىلىق بىلەن ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زىخرۇللام قويلارنى كەچرەك ھەيدەپ كېلىۋىدى، ئويلىمان يەردە ساناقتا بىر ساغلىق كەم چىقتى. ئۇ ئاق كۆڭۈل بالا بولغاچقا، "باي ئاتا، بىر ساغلىق يوق تۇرىدۇ" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قادىر باينىڭ ئىمانى قىرىق گەز ئۆرلەپ، بالىنى ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ: "ھازىرغىچە مېنىڭ ھېچقانداق نەرسەم يوقالغان ئەمەس، سەن قاپقى يامان گاداي مېلىمغا قارا ساناپ بىرسىگە سېتىۋېتىپسەن، بولمىسا قادىر باينىڭ مېلىغا تېگىشىدىغان ئوغرى تېخى تۇغۇلمىدى!" دەپ بالىنى ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى.

بالىنىڭ ئاغزى-بۇرنى قاناپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن قادىر باي بالىنى ئۇرۇشتىن توختاپ: "ئەگەر ئەتە بېرىپ قوينى تېپىپ كەلمىسەڭ، سەن گادايىنى ئوغرىلىق قىلدى دەپ سولىتىۋېتىمەن!" دەپ تەھدىد سېلىپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مالايلار بالىنى قورقۇپ ئاجرىتالمىغان ئىدى. باي كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



زىخرۇللامىنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، يۈز كۆزلىرىنى يۇيغۇزۇپ، ئاشخانىدىن تاماق ئېلىپ چىقىپ يېگۈزۈپ، سامانلىققا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇشتى. زىخرۇللام يېگەن تاياقلىرىغا ۋايسىمىدى. بايغا يالۋۇرمىدى، يىغلىمىدى، پەقەت مۇشتۇملىرىنى قاتتىق تۈگۈپ، ئۈنسىز ھالدا بايدىن قاتتىق نەپرەتلەندى، خالاس.

مالايلارغا بۇ ئىشنى ئاپامغا ئېيتماڭلار، ئاپام مەندىن ئەنسىرەپ قالىدۇ، دېدى. لېكىن قادىر باي تەرىپىدىن قاتتىق تاياق يەپ ھاقارەتلەنگەن، دىلى ئازار يېگەن بالا ئاغرىق ئازابىدىنمۇ ياكى ۋىجدان ئازابىدىنمۇ ئىش قىلىپ بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇنىڭ ئازابلانغان قەلبىدە نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئال ھۆكۈم سۈرەتتى، لېكىن ئۇ بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى پارتىلاش ئالدىدا تۇرغان ۋولقاندەك لاۋۇلداپ كۆيەتتى، ئەزگۈچى زالىملارغا قارشى بىر ئوت يۈرىكىنى مۇجۇپ ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى. بۇ سەبىي دېھقان ئوغلى ئولتۇرسا-قوپسا بىر يورۇقلۇقنى، بىر ئازادلىق يولىنى ئىزدەيتتى. ئۇ ئاچچىق ئازاب، تاتلىق خىياللار ئىلكىدە ئۇخلىيالمىدى. بامداتقا ئەزان ئېيتىلىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يەيدىغان نېنىنىمۇ ئالماستىن قويلىرىنى ھەيدەپ مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى ئېگىزلىققا قاراپ يول ئالدى. بىر ئەسكى تاملىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، توساتتىن بىر قوينىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. راست ئاڭلىدىممۇ يالغانمۇ؟ ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئۇياق-بۇياققا قارىغان ئىدى، ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. زىخرۇللام دەرھال ئەسكى تامنىڭ كەينىگە ئۆتكەن ئىدى، ئۇنى ياتاققا قويغان ھېلىقى ساغلىق كۆرۈندى. ئەسلى قوي ئەسكى تامغا سۈركۈشۈپ ئۆتۈۋاتقاندا،

ئارانلا تۇرغان كونا تام ئۆرۈلۈپ كېتىپ، قوينىڭ بىر پۇتىنى سۇندۇرۇۋېتكەن ئىكەن. بۇ تىلسىز ھايۋان زىخرۇللامنى كۆرۈپ مەردى، ئاندىن ئورنىدىن تۇراي دېۋىدى تۇرالمىدى.

زىخرۇللام قوينىڭ بېشىنى سىيلاپ ئاستا يۆلىگەن ئىدى، قوينىڭ بىر پۇتى دەسسىيەلمەي ساڭگىلاپ قالدى، بۇنى كۆرۈپ زىخرۇللامنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشىپ كەتتىدە، دەرھال كۆڭلىكىنى يىرتىپ، قوينى ياتقۇزغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇتىنى تۇزلەپ تاڭدى، قوينى تۇرغۇزغان ئىدى، بىچارە قوي مەرگىنىچە ئاسقاقلاپ مېڭىپ قويلارنىڭ توپىغا قوشۇلدى. ئاھ خۇدا، دەيتتى زىخرۇللام قوينىڭ بېشىنى سىيلاپ، ئاخشام نېمىشقىمۇ دىققەت قىلمىغان بولغىيتتىم، بىر كېچە ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى ئوخشاش بوپتۇ. كېچىچە قانچە قىينالغانسەن، مەنمۇ سېنى دەپ بىرمۇنچە تاياق يېدىم، ھاقارەتلەندىم، بىراق مېنىڭ تىلىم بار تۇرۇپ تىلسىز ئىدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ نېمىشقا بىز كەمبەغەللەرنىڭ تىلىمىز تۇرۇپ گەپ قىلالمايمىز؟ كەمبەغەل بولغانلىقىمىز، كىيىمىمىز يىرتىق، قورسىقىمىز ئاچ بولغانلىقى ئۈچۈنمىدۇ؟ كەمبەغەللەرنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادەم چىقماسمۇ؟ خۇدايىمنىڭ ئادىللىقى قېنى؟! دەپ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەيتتى. كەڭ دالالاردا: "ئاھ خۇدا، ئېزىلگەنلەرنىڭ ئاھۇ-زارىنى ئاڭلىمايۋاتامسەن؟!" دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىسا، ئەكس سادا يەنە ئۆزىگە قايتىپ كېلەتتى. بەزىدە ئۆزىنى-ئۆزى ئوقىغان ھېكايىلەردىكى تىلسىماتلارنى ئاچىدىغان، قۇللارنى ئازاد قىلىدىغان باتۇرغا ئوخشىتىپ خىيال قىلىپمۇ كېتەتتى تېخى. بەزىدە خۇدايىم ماڭا چىنتۆمۈر باتۇرنىڭكىدەك بىر مىسران قىلىچ بەرگەن بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com



مەنمۇ سادىر بوۋامدەك چېرىكلەرنى، بايلارنى يوقىتىپ كەمبەغەللەرنى ئازاد قىلسام، ھەممە ئادەم باراۋەر ياشايدىغان بولسا دەپ ئويلاپ تاڭلارنى ئاتقۇزدىغان ۋاقىتلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

زىخىرۇللام بىردە ئازاب-ئوقۇبەت چېكىپ، بىردە خىيالى دۇنياغا چۆكۈپ نۇرغۇن ئوتلۇق ئارزۇ-ئارمانلارنى قەلبىگە پۈكۈپ خۇشال بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى، بىر كۈنى مەھەللىدىكى ئابدۇغىنى دېگەن ئاغىنىسى (ئۇمۇ كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئىدى): "ئاداش زىخرۇللام، مەنمۇ ساڭا قوي بېقىشىپ بېرەي"، دەپ بىرگە ئېگىزلىققا كەلدى. ئىككىسى قويلارنى ئېتىزغا قويۇۋېتىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. ئابدۇغېنى: "ئاداش زىخرۇللام، مەن بىرگە چىقتىم، مەھەللىدە ئادەم كۆپ پاراڭلاشقىلى بولمايدىكەن"، دەپ زىخرۇللامغا مەنىلىك قاراپ قويدى. زىخرۇللام دەرھال ئابدۇغېنىنىڭ يېنىغا كېلىپ: "ھەرقانداق گېپىڭ بولسا، قىلە ئاداش"، دېدى.

ئابدۇغېنى ئۇياق-بۇياققا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن: "ئاداش قارا، ئاخشام بىزنىڭ ئۆيگە غۇلجىدىن بىرنەچچە ئادەم كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئاكاملار بىلەن پاراڭ سېلىشتى، مەن ئاستا ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ، ئاجايىپ بىر خۇش خەۋەردىن خەۋەر تاپتىم، بۇ خەۋەرنى ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىسۇن، بولمىسا ئىككىمىزنىڭ كاللىمىز كېتىدۇ، ئاداش" دېدى.

زىخرۇللام بۇ گەپنى ئاڭلاپ: "خۇش خەۋەر، تېز دېگىن ئاداش"، دېدى. ئابدۇغېنى: "ھازىر نىلقا ناھىيىسىدە يەنى ئۇلاستاي تاغلىرىدا ئالتە ئوغرى پەيدا بوپتۇدەك؛ ئۇلار گومىنداڭنى

يوقىتىپ كەمبەغەللەرگە ئەركىنلىك ئېلىپ بېرىمىز دەپ يۈرگىندەك، ئاخشام ئۆيىمىزدە پاراڭلاشقانلار ئىچىدىكى بىرسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەي ئۇلار ئالتە ئوغرى ئەمەس ئالتە قەھرىمان دېدى. كېيىنكى گەپلەرنى ئۇلار ناھايىتى ئاستا دېيىشكەن ئىدى، مەن ياخشى ئاڭلىيالمىدىم. لېكىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتىم، بىر كېچە خىيال سۈرۈپ ئۇخلىيالمىدىم، بىزنىڭ زادى مۇشۇ گومىنداڭلاردىن ئازاد بولۇپ، سەن بىزدەك كەمبەغەللەرنى ئېزىپ، ئۇرۇپ-دۇمبالىغان بايلاردىن، مۇنۇ قادىر بايدەك زومىگەر گۇيلاردىن ھېساب ئالىدىغان كۈنلىرىمىز بولارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ راسا بىر ئەدىپىنى بەرسەك دەيمەن "، زىخرۇللامنىڭ شۇ تاپتا كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، خۇشاللىقتا ئاغىنىسىنى قۇچاقلاپ كەتتى. بىردىنلا ئۇ ئاغىنىسىنى قويۇۋېتىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ: "مەن چوقۇم ئالتە قەھرىماننى ئىزدەپ تېپىپ، شۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىمەن ئاداش، بۇ خومسى چېرىكلەردىن، بايلاردىن دادامنىڭ ئەنتىنى، دادامدەك ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن كەمبەغەللەرنىڭ ئەنتىنى ئالىمەن ئاداش!" دەپ كەڭ ئېتىزدا بارلىق ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى. بۇ ئاۋازلار كەڭ ئېتىزدا ئەكس سادا قايتۇراتتى. قورقىنىدىن ئابدۇغېنىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئابدۇغىنى "ۋوي ئاداش ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، بۇنداق ۋارقىرساڭ ئىككىمىز بىكاردىن بىكار پايلاقچىلارنىڭ تايىقىدا ئۆلۈپ كەتمەيلى يەنە؟" دەپ زىخرۇللامنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرغۇزدى. زىخرۇللام بىرئاز ئۆزىنى بېسىۋېلىپ: سەن قانداق قىلسەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاداش“ دەپ ئابدۇغېنىگە قارىدى. ئابدۇغېنى ئىككىلەنمەستىنلا: ”مەنمۇ ئەلۋەتتە سەن بىلەن شۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىمەن“، دەپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە مەغرۇرلۇق بىلەن بىرنى ئۇردى.

—زىخرۇللام ئاداش، بۇ گېپىمىزغۇ توغرا، بىراق مەن كەتسەم ئۆيدە ئاپام، دادام، ئاكاملار بار، ئەگەر سەن كەتسەڭ يالغۇز ئاپاڭنى كىمگە تاشلاپ كېتەرسەن؟ بۇنى ياخشىراق ئويلىشايلى، —دېدى ئابدۇغېنى. زىخرۇللام دەرھاللا:

—مەنمۇ بايىدىن بېرى شۇنى ئويلاۋاتىمەن ئاداش، مەن بۇ ئەھۋالنى ئاپامغا ئېيتىپ، ئاپامنى قىشلاق تامدىن ئىسلامىيۇزگە ئاپىرىپ قويايمىكىن، چۈنكى، ئۇ يەردە دادامنىڭ شىرەم تۇغقانلىرى بار، ئاپامنى شۇلارغا تاپشۇرۇپ كەتمىسەم كۆزۈم ئارقامدا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قادىر باي چېرىكلەرنى باشلاپ كېلىپ بالاڭنى تېپىپ بېرىسەن دەپ تۇرۇۋالسا بىچارە ئاپامنىڭ تىرىك دواخنى كۆرگىنى شۇ دېگىنە، ئاپام ئۇنداق تاياقلارغا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئەگەر ئاپاممۇ دادامدەك تاياقتا ئۆلۈپ كەتسە مەن زىخرۇللام ئىككىلا دۇنيادا قارا يۈز بولىمەن دېگىنە ئاداش، —زىخرۇللام بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، —موللىتوختىيۇزدىمۇ ئاپامنىڭ تۇغقانلىرى بار. بىراق ئۇ ئەھۋالنىمۇ قادىر باي ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەر خەتەرلىك.

ئابدۇغېنى دەرھاللا گەپ قىتىپ:

—توغرا دەيسەن ئاداش، ئاپاڭنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ خاتىرجەم كەتمىسەك بولمايدۇ دېگىنە، بىز دېگەن ئوغۇل بالا، ھەرقانچە جاپا-مۇشەققەت تارتساقمۇ چىدايمىز، ئاتا-ئانىمىزغا

قان-قەرز بولۇپ قالساق بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلمىساق بىزنى قانداقمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولسۇن، — دېدى.

زىخرۇللام ئالدىراپ كېتىپ:

— ئۇنداق بولسا ئىشنى ئەتىدىن باشلايلى ئاداش، مەن قادىر بايدىن: ئاپام ئاغرىپ قالدى، ئۆيدە يالغۇز، مەن قارىيالمايدىكەنمەن، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالماي قېلىۋاتىدۇ. ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، مەن ئاپامنى توغقانلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قوياي، دەپ بىر كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ، ئاپامنى توغقانلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىۋېتەي، ئاندىن ئىشىمىزنى باشلايلى!

ئىككەيلەن ئاشۇنداق كېلىشتى. كەچقۇرۇن باللار قويلارنى ھەيدەپ ئەكىلىپ قوروغا كىرگۈزۈۋېتكەندىن كېيىن، ئابدۇغېنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. زىخرۇللام قويلارنى قوتانغا كىرگۈزۈۋېتىپ تاماقمۇ يېگۈسى كەلمىدى. ئۆزىنىڭ سامانلىقىغا كىرىپ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئويلايتتى، ئۇ بىردە ئۆزىنى قولىدا مىلتىق ئات ئۇستىدە كۆرەتتى، بىردە ئۆزىدەك كەمبەغەللەرنى كەينىگە سېلىپ ئۇلاستاي تاغلىرىدىكى ئالتە ئوغرىغا قوشۇلۇپ يېزا-يېزىلارغا بېرىپ ئېزىلگەن كەمبەغەللەرنى ئازاد قىلاتتى، گومىنداڭلارنى يوقىتاتتى. ئىشقىلىپ ئۇ تېگى يوق خىياللار بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئاسمانغا قاراپ ياتتى. يېرىم كېچىدىن كېيىن ئاستىلا باينىڭ قورو تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئوغرىلىقچە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

نېمە ئىش بولدىكىنە، بۈگۈن كېچە گۈلزىرىخانىنىڭمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى. بىردە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىرىنىڭ چەككەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، جان ئۇزۇش ئالدىدا ئېيتقان سۆزلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېلىۋالاتتى، بىردە ئوغلى زىخرۇللانىڭ چوڭلا يىگىت بولۇپ قالغىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىپ كەم سۆز بولۇپ قالغىنى قاتتىق ئويلاندۇردى.

تۇيۇقسىز كېچىدە ئىشىك چېكىلدى. بۇ بالىنىڭ چېكىشى ئىدى، بۇنى زېرەك ئانا سېزىپ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، چىراغنى ياندۇرۇپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، زىخرۇللا ھاياجىنىنى باسالمايتتى، ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتتى. ئاتتى-يۇ ئانىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، يىغلاپ كەتتى. بۇ يىغىنى تاياق، تىل-ھاقارەت، كەمسىتىلىش، يوقسۇزلۇق ئېلىپ كەلگەن روھى ئازابنىڭ يىغىسى دېگەندىن كۆرە، يۈرىكىدە پارتىلاش ئالدىدا تۇرغان خۇشاللىق مىنۇتلارنىڭ يىغىسى دېيىشكە بولاتتى.

بالا بىردىنلا ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قالغان ئاپىسىغا قاراپ ئۆزىگە كەلدى بولغاي كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ كۈلۈپ كەتتى. ئانا ھەيرانلىقتا تېخىچىلا بالىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى.

زىخرۇللام دەرھال چۈشەندى-دە، ئانىنى قولىدىن يېتىلەپ ئەكىلىپ سۇپىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

—ئاپا خاتىرجەم بولغىن ھېچ ئىش يوق. مەن خۇشاللىقتىن يىغلاۋاتىمەن. خۇدايىم بۇيرىسا، كۈنلار: "ئاينىڭ 15 يورۇق، 15 قاراڭغۇ" دەپتىكەن، ئاينىڭ، كۈنىنىڭ يورۇقى بىزگىمۇ چۈشىدىغان كۈنلەر ئاز قالدى، —دەپ ئانىسىغا ئۆزى ئاڭلىغان خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئانا چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ، ئاندىن بالىسىنى باشقىدىن باغرىغا بېسىپ سۆيدى. ئاندىن:

—بوپتۇ بالام، بۇ ئۈمىد-ئارمانلىرىڭغا يېتىش ئۈچۈن خۇدايىم مەدەت بەرەر. ئەرۋاھلار يۆلە، مەن تىرىك نېمە بولاتتىم، كۈنلەر

يەنە يىغلىتىپ ئۆتتۈرىدۇ. مەنمۇ سىنى مۇشۇ يېزىدا بىر ئىش چىقىرىپ قويۇپ دادىسىنىڭ كۆڭگە قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ، كېچە بولسا ئۇخلىيالمايمەن، — دەپ بالىنى باغرىغا بېسىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

زىخرۇللام ئانىسىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى، ئانىنىڭ ئاجىز تېنى ئۆكسۈشىدىن دىر-دىر تىترەيتتى. زىخرۇللام ئانىنىڭ كۆز ياشلىرىنى يىرىك ئالقانلىرى بىلەن سۈرتتى. ئاندىن:

— يىغلىما ئاپا، مەن خۇشاللىقتىن يىغلىدىم، ھەرگىز ئازابتىن ئەمەس، ئەمدى چوڭ بولدۇم ئاپا، مەن بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزۈمنى بارلىق ئېزىلگەن كەمبەغەللەرنىڭ ئازادلىقىغا ئاتىۋەتتىم. ئۆلسەم شېھىت، قالسام غازى، سېنىڭمۇ خۇدانىڭ بەندىلىرى ئالدىدا يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ، ئاپا، ئەگەر مەن ئۆلسەم نامىم ئۆلمەيدۇ، سىنى خەلق تاشلىمايدۇ. مەنمۇ سادىر بوۋامدەك ئۆلسەم ئارمىنىم يوق ئاپا، — دەپ ئانىسىنى بەزلىدى.

ئانا دەسلەپتە قورقتى ھەمدە:

— بالام، ئەگەر سەن ئالتە قىرىمانىنى تاپالمىساڭ، چېرىكلەر سىنى تېپىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟ مەن ئەمدى بۇنداق جۇدالىقلارغا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيمەن، — دەپ يىغلاپ كەتتى.

زىخرۇللامنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بىر ئاز ئەمىن تاپتى-دە، بالىغا رازىلىق بەردى، دۇئا قىلدى، ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدى.

زىخرۇللام يولنىڭ تەييارلىقلىرىنى تۈگىتىپ ئۆيدىن چىققاندا، توخۇلار يەنە بىر تاڭدىن دېرەك بېرىپ چىللاشقا باشلىدى. بالا قايتىپ كېلىپ سەزدۇرمەي قورۇدىن ئارتىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۇشۇپ، مالايلارنى سېزىپ قالمىسۇن، دەپ پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ سامانلىققا كىرىشى بىلەن بامداتقا ئەزان ئېيتقان مەزىننىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

تاڭ قۇياشى ناھايىتى ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، بۇ دەريا بويىدىكى نامرات يېزىنى يورۇتماقتا ئىدى. زىخرۇللام يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ تەييارلىق قىلغىچە زالىم قادىر بايمۇ بامداتتىن قايتىپ كىرىپ بىر، ئىككى يۆتەلدى. بۇ ئاغچا خېنىملارنى "تۇرۇشتۇڭلارمۇ؟" دېگەن بەلگىسى ئىدى. زىخرۇللا قادىر باينىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، "باي ئاتا، سىلىگە بىر گېپىم بار ئىدى"، دەپ ناھايىتى تەستە ئېغىز ئاچتى.

قادىر باي ھەيرانلىق بىلەن بالىنىڭ باشتىن-ئاخىرىغا بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ھەدېگەندە ئالدىمنى توسۇپ دېگۈدەك نېمە گەپ بار ئىدى؟

— دەپ ئەتراپىغا بىر قۇر ئەلەڭلەپ قارىۋەتتى.

زىخرۇللام ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن گەپ باشلاپ مۇنداق دېدى:

— باي ئاتا، ئاپام خېلى بولدى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرى بار. مەندىن باشقا قارايدىغان ئادىمى يوق. مەن ئىشلىمىسەم ئاچ قالىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا بىر كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىلە. مەن قويلارنى ھايداپ ئېگىزغا ئاپىرىۋېتىپ كېلىپ، ئاپامنى ئالتە ئۆيدە بىر شىرەم توغقىنىمىز بارئىدى، شۇ يەرگە ئاپىرىۋېتىپ كەچكىچە قايتىپ كېلىمەن، — دېدى. قادىر باي قېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇپ سۇرلۇك قىياپەتتە قوپال ۋارقىراپ كەتتى.

—قويلارنى ئېگىزغا ئاپىرىپ قويسام ھېچ ئىش بولمايدۇ، —

دەپ جاۋاب بەردى زىخرۇللام. قادىر باي بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇياق-بۇياقىقا بىر-ئىككى قەدەم ماڭدى، گېلىنى قاتتىق بىر قىرنۇەتكەندىن كېيىن، قوپال ئاۋازدا:

— بوپتۇ، ماللارنى سازلىققا ئاپىرىپ قويۇپ، ناماز دىگەرگىچە تېزراق قايتىپ كەلگىن، ئەگەر قويلارغا بىر ئىش بولسا، مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن، — دەپ ھاسىسىنى يەرگە بىر- ئىككىنى قاتتىق ئۇرۇپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

زىخرۇللام خۇشاللىقتا ناشتىمۇ قىلماستىن ئالمان-تالمان قويلارنى ئېگىزغا ئاپىرىۋېتىپ، ئاغىنىسى ئابدۇغېنىگە قاراپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، ئاندىن ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

بىچارە گۈلزىرىخان كېچىچە ئۇخلىماي، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئۆزى ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، ئۆتمۈشتىكى گۈزەل يۈرتىنىڭ كۆزى بولغان قىزدا پەقەت چولپاندەك يوغان كۆزلەر بىلەن ئۇزۇن چاچلارنىڭلا ئىزناسى قالغان ئىدى. ئۆزى تىنماي كالتە يۆتىلىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاخىرقى قېتىم ئۆز ئۆيىدە ئوغلى بىلەن ئالدىراپ ناشتا قىلىشىپ، خۇدايىمغا ئامانەت دەپ ئىشىككە قولۇپنى سېلىپ، قوشنىسىنىڭ ئېشەك ھارۋىسىنى سوراپ، ئۆزىنىڭ كىچىككىنە بوقچىسىنى سېلىپ يولغا يۈرۈپ كەتتى.

زىخرۇللام كېيىن قادىر باينىڭ "بالاڭنى تاپ" دەپ گۈلزىرىخاننى ئازابلىشىدىن قورقۇپ، قادىر بايغا ئاپامنى ئاپىرىپ قويىمەن دەپ يالغان ئېيتقان ئىدى. گۈلزىخاننى ئىسلامىيۈزگە ئاپىرىپ قويۇپ، نامازدىگەردىن بالدۇرراق قايتىپ كەلدى-دە، ئېگىزغا بېرىپ كەچتە قويلارنى ھەيدەپ كېلىپ قوتانغا ساناپ سولاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېتى



تۇرۇشىغا قادىر باي چىقىپ:

—ھوي گاداي، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ —دەپ سورىدى.

زىخرۇللام:

—قايتىپ كەلدىم، بىراق ئەتىگەندىن بۇيان ھېچنەرسە يېمىدىم، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، —دېدى. قادىر باي بالىنىڭ تۇرقىغا بىر قاراپ ئۆتۈپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، غوجىدارىغا:

—ھاي مەمەت، ماۋۇ گاداي بىر نەرسە يېمىدىم دەيدۇ، قوناق ناننىڭ كۆمەچلىرىنى ئەچىقىپ بەرگىن، —دېدى.

مەمەت بىر نەچچە كۆمەچ ناننى ئەچىققان ئىدى، زىخرۇللام:

—مەمەت ئاكا، بۇ نانلار ساپ كۆيۈك تۇرسا، قانداق يەيمەن؟ —دېدى.

غوجىدار بالىنىڭ قولىدىكى نانلارغا قاراپ بالىغا ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچى بىلەن نومۇس قىلدىمۇ، ئامبارغا كىرىپ كېتىپ بىر قانچە زاغرا ئەپچىقىپ زىخرۇللامغا بەردى-دە:

—ئەمدىغۇ قانجۇقتەك غىڭشىماي يەرسەن! — دەپ تەنە ئارىلاش بالىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. زىخرۇللام "رەھمەت" دەپ زاغرىلارنى مەمەتنىڭ قولىدىن ئېلىپ سامانلىققا كىرىپ كەتتى.

قادىر باينىڭ يۈرىكى بالىنى كۆرۈپ ئورنىغا چۈشتى، چۈنكى ئالتە ئوغرىنىڭ ئىشىدىن قادىر باينىڭمۇ ئاز تولا خەۋىرى بار ئىدى. زىخرۇللامىنىڭ مىجەزىنىمۇ، ئۆزىنىڭ زالىملىقىنىمۇ ياخشى چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىغا رۇخسەتنى بېرىپ قويۇپ

ئولتۇرالماي قالغان ئىدى. ئاپىسىنى راست ئەكەتتىمۇ ياكى قېچىپ كەتتىمۇ، دەپ گۈلزىرىخانىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە ئادەممۇ ئەۋەتكەن ئىدى. لېكىن باينىڭ ئەندىشىسى زىخرۇللامنى كۆرۈپمۇ بېسىلغىنى يوق، يۈرىكى پوك-پوك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، زىخرۇللام كېلىشتىن بۇرۇن مەمەتنى چاقىرىپ بۇندىن كېيىن زىخرۇللامغا كۆز قۇلاق بولۇشنىمۇ تاپشۇرغان ئىدى. باي مۇشۇ كۈنلەردە كېچىسىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، مىجەزى تېخىمۇ ئوساللىشىپ كەتتى. تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ مىجەزىدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىدە مالايلارغا يۇمشاقراق سۆزلەرنى قىلىپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. زىخرۇللامغا رۇخسەت بېرىشنىڭ سەۋەبىمۇ يۈرەكنىڭ پوك-پوكلىقىدىن ئىدى.

زىخرۇللام سامانلىقتا كىرىپ ئازراق ناننى سوغاق سۇغا چىلاپ يېگەندىن كېيىن ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتى. ئۆزىمۇ قاتتىق چارچىغان ئىدى. چۈنكى يېزا يوللىرى تاشلىق ھەم كاتاڭ ئىدى. قوشنىسىنىڭ ئېشىكى گۈلزىرىخانىنى ئارانلا تارتتى. زىخرۇللام ئىسلامىيۈزىگە بېرىپ كەلگىچە ئېشەك بىلەن تەڭ مېڭىپ بېرىپ كەلدى، ئايغىنى يەشكەن ئىدى، پۇتىنىڭ بىرنەچچە يەرلىرى قاپىرىپ، سۇ كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ. قاپارغان يەرنى جىغاننىڭ ئۇچى بىلەن تېشىپ سېرىق سۇيىنى چىقىرىۋەتتى-دە، ئۇ يەرگە ئازراق لاي سۈركەپ قويۇپ ياتتى.

زىخرۇللامنىڭ كۆزىگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن، كېچىچە كىرپىك قاقماي قايسى يول بىلەن قانداق قېچىش كېرەك؟ قايسى يول بىلەن ماڭسام بىخەتەر بولىدۇ؟ دەپ ئويلىدى. بۇ چېگىش مۇرەككەپ خىياللار ئىلكىدە زىخرۇللام سەھەرگە يېقىن كۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىلىنىپ ئۇخلاپ قالدى.

زىخرۇللام قاتتىق بىر ئاۋازنىڭ تەسىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يوگۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغان ئىدى، قادىر باي سامانلىقتا زىخرۇللامنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا بالىغا قاراپ ۋارقىراۋاتاتتى:

—ۋوي ھارامى، قارا مۈشۈ ۋاققىچە ئۇخلىغىنىڭنى، قويلارنى تېخى ئاچىقماپسەنغۇ، كۈن چۈش بولاي دېدى، —دەپ دېۋەيلەپ تۇراتتى. زىخرۇللام دەرھال يۈگۈرۈپ چىقىپ:

—خاپا بولمىسىلا، باي ئاتا، قويلارنى ئېلىپ چىقاي، ھېرىپ كېتىپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، —دەپ قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويلارنى چىقىرىپ ناشتىمۇ قىلماي ئېگىزلىققا قاراپ يول ئالدى.

بۈگۈن بالا ئۈچۈن بىر خاسىيەتلىك كۈن بولغاندەك ئازادلىقنىڭ شېرىن خىياللىرى ئىلكىدە يۈرىكى تىنىمسىز تېپچەكلەيتتى. تۇرۇپ ئۆزىچە كۈلەتتى-دە، يەنە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ ئۆز-ئۆزىگە چۈشىنىكسىز پىچىرلايتتى. زىخرۇللام بىرنەچچە كۈنلەرنى شۇنداق مەنىسىز ئۆتكۈزدى. مەھەللىدە پايلاقچىلار كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى. ئابدۇغېنى بىلەن زىخرۇللام مەسلىھەت قىلىشقىنىمۇ پۇرسەت تاپالماي قېلىۋاتاتتى. دېھقانلارنىڭ ئاغزىدا دېھقان بالىلىرىنى چېرىكلىككە تۇتقۇدەك، ئۇلاستايدا ئالتە ئوغرى گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن چېرىكلىرىنى قىرىۋېتىپتۇدەك، شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ يېزىلاردىن بالىلارنى چېرىكلىككە ئالدىكەن، دېگەن ھەر خىل گەپلەر ھەممە ئادەمنى بىر خىل ئەندىشىگە سېلىپ قويىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە زىخرۇللام مەمەتنىڭ دائىم ئۆزىنىڭ كەينىدىلا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالغان ئىدى. ھەتتا قادىر باينىڭ باشقا مالايلىرىمۇ قادىر باينىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن زىخرۇللامنىڭ مېڭىش-تۇرۇشىغا سىرلىق قارايدىغان بولۇپ قالدى، زىخرۇللام بۇ ئىشلارنى ئاللىقاچان پەملەپ بولغان ئىدى.

بۈگۈن ئەتىگەندە ھاۋا ئىنتايىن سوزۇك ئوچۇق ئىدى. كۈنمۇ شۇنداق كۆيدۈرۈپ چىققان ئىدى. چۈشتە بىردەم ناھايىتى تىنجىق ئىسسىق بولۇپ كەتتى، زىخرۇللام قويلارنى ئېغىزغا قويۇۋېتىپ ئۆزى دەرياغا چۈشۈپ كېتىدىغان يارنىڭ يېنىغا باردى-دە، بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ سايىسىدا ئوڭدا يېتىپ يەنىلا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كەتتى. قانچىلىك ياتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. زىخرۇللام ئورنىدىن تۇرۇپ قويلارغا قارىغان ئىدى، قويلار دالىدا ئۆرۈلگەن تاملارنىڭ ئەتراپىدا پىتراپ يۈرۈشۈپتۇ، زىخرۇللامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇ تىلسىز ھايۋانلار يۇمۇلاق بولۇشۇپ بىر يەرگە توپلىشىۋالدى. ئادەملەرمۇ شۇنداق توپلاشقان بولسا ھېچكىم ھېچكىمنى بوزەك قىلالمايتتى، دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ئۆزى بىر تامنىڭ دالدىسىغا بېرىپ ئولتۇردى. قاتتىق ياغقان يامغۇر تېزلا توختاپ قېلىپ، ھاۋا يەنە ئېچىلىپ كەتتى. ئاڭغىچە ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. زىخرۇللام نېمىشقىكىن كەتكۈسى كېلىپ قويلارنى ھەيدەپ قايتىپ كەلدى. لېكىن نېمىشقىدۇر يۈرىكى ئەنسىز تىپچەكلەپ كەتتى.

زىخرۇللام قادىر باينىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئىدى، نۇرغۇن ئادەملەر دەرۋازىغا ئولۇشۇۋاپتۇ، قورونىڭ ئىچىدىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ، يىغا-زارە ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زىخرۇللام يۇگۇرۇپ كېلىپ دەرۋازىدىن قارىغان ئىدى، پېشايۋاندىن بىرنەچچە چېرىكلەر قادىر باينىڭ ئوغلىنى ئۇياق-بۇياققا تارتىشتۇرۇپ سۆرەۋاتقىنىنى، بالىنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى، ھەم قېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. زىخرۇللام نېمە ئىشلىكىنى تازا ئاڭقىرالماي تۇراتتى، قادىر باي ئۆيدىن بىر پەتنۇستا يامبۇ ۋە چوكىغا ئوخشاش ساپسېرىق ئالتۇنلارنى چېرىكلەرنىڭ باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

— بالامنى قويۇۋەتسەڭلار، بالام تېخى كىچىك، چېرىكلىككە يارىمايدۇ، ئاغرىقچان، — دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى.

بۇ ئالتۇن يامبۇلارنى كۆرۈپ، چېرىكنىڭ باشلىقىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى-دە:

— ئۇنداق بولسا بالاڭنىڭ ئورنىغا باشقا بالىلارنى بەرسەڭ بولىدۇ، — دەپ قادىر بايغا ھىجايدى. قادىر باي:

— بولىدۇ، بولىدۇ، مەندە تازا كۈچى بار يوغان بىر بالا بار، شۇنى بېرەي، — دېدى.

زىخرۇللام بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى چەتكە ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، قادىر باي يالاقچىلىرىغا:

— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن، زىخرۇللام قايتىپ كەلمىگەن بولسا، دەرھال تېپىپ كېلىش! — دەپ ۋارقىرىدى.

باياتىن نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قاراپ تۇرغان يالاقچىلار تەرەپ-تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ زىخرۇللامنى تۇتۇپ كىرىدى. "ئەمدى تۈگەشتىم، — دەيتتى زىخرۇللام ئۆز-ئۆزىگە، يۈرىكىم بىر ئەنسىزلىكنى سەزگەن ئىدى، نېمىشقا قويلارنى ئېغىزغا ئەچىقىپ قويۇپلا قېچىپ كەتمىگەندىمەن، ئەمدى مەن

تىرىكلا دوزاخقا كىرىدىغان بولدۇم-دە، ئالتە قەھرىماننى نەدىنمۇ تاپارمەن ئەمدى، — دەيتتى تىت-تىت بولۇپ.

چېرىكلەر باشلىقى قادىر باينىڭ بالىسىنى قويۇۋېتىپ زىخرۇللامغا يۈزلەندى:

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

18— ياشقا، — دېدى زىخرۇللام قەتئىيلىك بىلەن.

بۇ ۋاقىتتا مەھەللىدىكى دېھقانلار بالىلىرىنى تەرەپ-تەرەپكە قاچۇرۇۋاتاتتى.

چېرىك باشلىقى "يارايدۇ!" دەپ زىخرۇللامنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، ئالدىغا سېلىپ ماڭدى.

شەھەرگە بارغۇچە يېزا-يېزىلاردىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان بالىلار 10 نەچچىگە يەتتى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ بالىلىرى بولۇپ، تولىسى بايلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنىغا تۇتۇلۇپ ماڭغان يىگىتلەر ئىدى.

چېرىكلەر يولدا بارغىچە بۇلارنى بىر-بىرى بىلەن پاراڭ قىلغۇزمىدى ھەم ئۇياق-بۇياققا قاراتماي ئېلىپ ماڭدى. لېكىن بۇ چېرىكلەرنىڭ ئۆزلىرى ئەلەڭ-سەلەڭ ئىدى، ئەنسىزچىلىكتە كېلىۋاتقىنى مىڭىش تۇرۇشىدىن كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

ئۇلار غۇلجا شەھىرىگە يېرىم كېچە ئەتراپىدا يېتىپ كەلدى، چېرىكلەر ئۇلارنى غۇلجا ئايرودرومىغا ھەيدەپ بېرىپ، ئايروپىلان قويىدىغان ئىسكىلاتقا سولاپ قويۇشتى. ئاندىن ئۇلارغا بىردىن موما، 5-6 ھېجىر چىنە بىلەن بىر چۆگۈن قايناقسۇ بەردى.

بۇ بالىلار ئاستا-ئاستا ئۆزلىرىگە كېلىشىپ، ئۆزئارا تونۇشتى. لېكىن زىخرۇللام ئۇخلىيالماي، ھەر تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئامال ئىزدەپ ئولتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خىيالـلار قـايىنمىغا چۆككەن ئىدى. بالىلار ئۇنىڭدىن "سەن قەيەرلىك؟" دەپ سورىغاندا، "سادىر بوۋامنىڭ يۇرتىدىن" دەپ جاۋاب بەردى. بىر بالا تۇرۇپ:

— ئۇ يېزىنى موللا توختىيوزى دەيدۇ، سادىر پالۋاننىڭ قەبرىسى شۇ يەردە، — دېدى.

زىخرۇللام يەنىلا ئاسمانغا قاراپ مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، خۇددى هازىرلا بىرەرسى بىلەن مۇشتلىشىدىغاندەك چىشلىرىنى غۇچۇر-لىتىپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ياتاتتى. كۆڭلىدە بولسا: "قانداق قىلىپ ئازادلىق يولىنى تېپىش كېرەك؟ بۇلاردىن قانداقمۇ قېچىپ قۇتۇلارمەن، بۇلار بىزنى نېمە قىلار؟" دېگەن خىياللار كېچىپ، قەلبى قاتتىق ئازابلىناتتى. تۇرۇپلا يەنە ئۆزىگە تۇگىمەس سوئاللارنى ياغدۇراتتى.

— تـوۋا، — دەيـتـتـى ئـۇ ئـۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — بىز كەمبەغەل دېهقانلارنىڭ نېمانچە گۇناهلىرىمىز جىقتۇ، بىز ئەتىدىن كەچكىچە پېژغىرىم ئىسسىق، ئاپتاپلاردا كۆيۈپ دۇمبىلىرىمىز يېغىر بولۇپ كەتكىچە ئىشلەپ، ئاشلىق تېرىپ ئاشلىق يىغىمىز، قىشنىڭ قەهرىتان سوغۇقلىرىدا يېرىم، ئاچ، يېرىم توق، يېرىم يالىڭاچ هالدا ئوچاققا كۇكۇم قالاپ كاڭنى قىزىتىپ ياتىمىز. بۇنىڭ ئەكسىچە، باي غوجاملار بولسا، كەتمەننىڭ سېپىنىمۇ تۇتۇپ قويمايدىيۇ، ساڭلىرىدا ئاشلىق دېگەن ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ، بۇ نـېمە ئۇچۇن؟ خۇدايىم هەممىمىزنى ئوخشاش يارانقان تۇرۇپ، نـېمىشقا رىسقىمىزنى، ئادەملىك قىممىتىمىزنى تەڭ ياراتمىغان بولغىيتتى، دېگەن سوئالغا زادىلا جاۋاب تاپالمايتتى، — بايلارنىڭ قىشۇ-ياز قورسىقى توق، كىيىمى پۇتۈن، كىيىدىغىنى سارجا،

ئەتلەس، ھەي...، — ئۇ زىددىيەتلىك خىياللارنى ئاخىرىغ چىقىرالماي ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى سەھەردە گومىنداڭلار يېزىلاردىن ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەلگەن بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئايرودرومنىڭ شىمالى تەرىپىنى بويلاپ ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 1.30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاكوپ كولاشقا سالدى، ئاكوپنىڭ كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر ئىدى. بۇ بالىلار ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئىشلەپ، چۈشتە بىر چىنىدىن گۈرۈچنىڭ ئۈستىگە بىر قوشۇق گۆشسىز بەسەي قورۇمىسى سېلىنغان گۈرۈچ تامىقى يەيتتى. تاماقنى يەپ بولۇپلا يەنە دەم ئالماي ئىشلەيتتى. گومىنداڭنىڭ بىر بەنجىگى بۇلارنى زادىلا دەم ئالغۇزمايتتى ھەم ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن پاراڭلاشقۇزماي، قاتتىق تاسما بىلەن ئۇرۇپ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئىشقا سالاتتى.

بەزى بالىلار ئازراق كۇسۇلدىشىپ پاراڭ سېلىشسىمۇ بۇ بالىنى ياربىلاندۇرۇپ بىرنەچچە بىلەن ئۇرۇپ پايپىكى ملتىقىنىڭ قوياتتى. بۇ زورلۇق-زومبۇلۇقلارنى كۆرۈپ، زىخرۇللامنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تېخىمۇ غەزەپ-نەپرىتى تېشىپ، ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

مۇشۇنداق چېكىدىن ئاشقان بېسىم ۋە جاپالىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن زىخرۇللام كۆڭلىگە بۇ نەس باسقان جايدىن قېچىش پىلانىنى پۈكتى. ئۇ ئولتۇرسا-قوپسا "قانداق قىلىپ بۇ دوزاختىن قېچىپ كەتكىلى بولار" دەپ ئويلايتتى ئىچىدە.

نەچچە قېتىم بالىلارنى ئۇرغان چېرىكنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋېلىپ، ئۇرۇپلا باش بىلەن بىرنى قويۇپ جىمقتۇرۇۋەتكۈسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا تۇرمىگە كىرىپ قالسا تىرىك قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنى قاتتىق بېسىۋالدى. ئۇ ئەتراپىغا سەپسېلىپ قارايتتى، ئەتراپىنىڭ ھەممىسى سىم توساق ئىدى. زىخرۇللام قانداقلا بولمىسۇن بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ، بۇ يەردىن قېچىشنى ئويلاپ، بىرئاز كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. توساتتىنلا سادىر پالۋان يادىغا چۈشۈپ قالدى.

"سادىر پالۋان بوۋام قوۋۇرغىسى بىلەن يامۇلنى تېشىپ قاچقان ئىكەن. مەن چوقۇم بۇ توساقلاردىن قېچىپ قۇتۇلىمەن، سادىر بوۋامنىڭ روھى مېنى يۆلەيدۇ" دەپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى تىنىدۇرىدىغان كۈنلەرمۇ بولاتتى. كېچىچە شۇ خىياللار بىلەن سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالاتتى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا گومىنداڭنىڭ چېرىكى پۈشتەك چالدى. زىخرۇللام باشقا بالىلار بىلەن تەڭلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ بەنجاڭ قىلىپ قويغان چېرىكى بالىلارنى تىزنۇپلىپ:

—ھازىر ئىشقا چۈشىمىز، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلار ئاكوپ كولايسىلەر، بىر قىسمىڭلار كېسەك قۇيۇپ پوتەي ياسايسىلەر، ھازىر ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئىشلەيسىلەر! — دەپ ئۇلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىدى. زىخرۇللام كېسەك قۇيۇپ پوتەي ياسايدىغانلار گۇرۇپپىسىدا ئىدى.

بۇنىڭغا 9-10 بالا بۆلۈنگەن بولۇپ، بالىلارنى بەنجاڭ باشلاپ، كېسەك قۇيىدىغان يەرگە باشلاپ كەلدى.

بۇ يەر ئايرودرومدىكى سىم توساق يېنىدا بىر پارچە ئاق يەر بولۇپ، مۇشۇ يەرنى كولاپ، توپىسىدا لاي ئېتىپ كېسەك قۇيىدىغان ئىش ئىدى. چېرىكتىن بىرى يېگىتلەرگە:

— ئەگەر قايسىڭ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ قېچىشقا ئۇرۇنساڭ ياكى ھورۇنلۇق قىلىپ ياخشى ئىشلىمىسەڭ، ئۆزۈڭ كولىغان ئورىغا تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈۋېتىمەن! — دەپ تەھدىت سالدى ۋە كۆرەڭلىك بىلەن قولىدىكى قىستۇرۇۋالغان تاماكىنى ئېلىپ ئۇرە تۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى.

زىخرۇللام بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى كۆزىتىپ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى، چۈنكى بۇ يەر ئېپى بار ئادەمنىڭ قېچىپ كېتىشى ئۈچۈن ئىنتايىن قولايلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ:

—بەختىمگە يارىشا، مېنى كېسەك قويۇ دېگىنىمۇ ياخشى بولدى، —دەپ ئۆزىچە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

كەينىدىنلا ئۆزىگە-ئۆزى: ”بۇ پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويسام ئۆمۈرۋايەت پۇشايماندا قالىمەن، توختاپتۇر گۆيلار، چوقۇم سەنلەرنىڭ ئەدىپىڭنى بەرمەي قويمايمەن“ دەپ قەسەم بەردى.

زىخرۇللامغا مۇدھىش زۇلمەتلىك تەقدىر ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدى، ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىياللىرىنى ھېچكىمگە تىنمىدى ھەم چاندۇرمىدى.

كۈنلەر ئۆتمىدى، ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆتتۈۋەردى، دەل مۇشۇ پەيتتە يەنى 1944-يىلى 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، نىلقا پارتىزانلىرى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ ۋە كۈچىيىپ، ھەرقايسى يېزا-قىشلاقلاردىن، شەھەردىن كەمبەغەل دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ باللىرى تۈركۈملەپ كېلىپ پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلۇۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدە ھەر خىل گەپ-سۆزلەر كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. قەيەرگىلا بارسا نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ كۈچى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قانداق يوقاتقانلىقى ھەققىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پاراڭ بولاتتى. بىرسى نىلقا پارتىزانلىرى چېرىكلەردىن مۇنچە يۈزنى يوقۇتۇپتۇ دېسە، بىرسى گومىنداڭ پارتىزانلار بىلەن كۆچ ئېلىشالمايدىكەن، غېنى باتۇر، ئەكبەر، پاتىق دېگەن مەرگەنلەرنىڭ ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدىكەن، نىلقا، ئۇلاستاي تاغلىرىنى پارتىزانلار ئىگەللەپ بوپتۇ، دەيتتى.

گومىنداڭ غالجىرلىشىپ بىر تەرەپتىن ئادەم تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەھەللىدىكى گەيجاڭلارنى ئالدىغا سېلىپ تەشۋىقاتىنى كۈچەيتمەكتە ئىدى. ئۇلار خەلقنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن؟ ”سىلەر قورقماڭلار، ئۇلار (ئالتە ئوغرى) نىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، گومىنداڭنىڭ ئەسكىرى كۈچلۈك، قورallىرى سەرخىل، ئادەم سانىمۇ كۆپ، پات ئارىدا ئالتە ئوغرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىدۇ. سىلەر ئىش-ئوقىتىڭلارنى خاتىرجەم قىلىۋېرىڭلار!“ دەپ تاشقى جەھەتتە تەشۋىقات ئېلىپ بارسا، ئىچكى جەھەتتە ئۆزلىرى مۈشۈكتىن قاچقان چاشقاندەك تېپىرلاپ قېلىۋاتاتتى.

بۇ ئىشلاردىن ئايرودرومدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ياشلارنىڭ پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى. زىخرۇللامنىڭ كاللىسىدا قالغىنى بولسا، قوي باققاندا ئاغىنىسى ئابدۇغېنىنىڭ ئالتە ئوغرىنىڭ گومىنداڭنى يوقىتىپ، كەمبەغەللەرنى ئازاد قىلىدىكەن دېگەن سۆزلىرىنىڭ شېرىن ئەسلىمىسى ئىدى. چۈنكى زىخرۇللام ھازىر كېچەيۇ كۈندۈز ئازادلىقنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

شۇنىڭدەك ئۆزىگە مەنمۇ بىر كۈنى بۇ يەردىن قېچىپ بېرىپ شۇ ئالتە قەھرىماننى ئىزدەپ تېپىپ، قولۇمغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭچىلارنى يوقىتىمەن، دەپ ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ نامرات سەھرا باللىرى قورساقتا يېگىننىڭ تايىنى يوق، پىژغىرىم ئاپتاپتا پوت-قوللىرى يېرىلىپ كەتكەن، ئۇستىدە يىرتىق كۆڭلەك، دۇمبىلىرى قاپارغان ھالدا ئىشلەۋاتاتتى. ئەگەر ئۇلار سەللا بىخەستەلىك قىلىسا ياكى دەم ئالسا، بېشدا زەھەردەك قامچا ئويناپ، دۇمبىلىرىگە تاراسلاپ تېگەتتى، ئۆزلىرى ھەم ئاچلىق ھەم تەبىئەتنىڭ تونۇردەك ئىسسىق ئاپتىپى دەستىدىن ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ ساق يېرى يوق ئىدى، بۇلارنى تونۇۋېلىشقا توغرا كەلسە، پەقەت ئۆچمەس چىراغدەك پىلدىرلاپ تۇرغان ئىككى كۆزىدىنلا تونۇۋېلىشقا بولاتتى.

زىخرۇللام قىشتا قانداق قىلارمىز؟ دەپ ئازابلىناتتى. كېسەك قويۇپ پوتەي سلىۋاتقان يىگىتلەرگە داق يەرگىلا ئۆتمە تۆشۈك چېدىر تىكىپ بېرىلدى. يىگىتلەر ئاستىغا مەڭگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزلىرىنىڭ ياماق چاپانلىرىنى يېپىپ ئۇخلاشتى.

ھەر كۈنى كەچتە گومىنداڭنىڭ بىر ئەسكىرى نۆۋەتلىشىپ چېدىرنىڭ بوسۇغۇسىدا يېتىپ قاراۋۇللۇق قىلاتتى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالدى، ھاۋامۇ خېلى سوۋۇپ قالغان ئىدى. ئەتىسى ئاخشىمى باللار مۇزلاپ ياكى ئۇستىدە يوتقان يوق بىر-بىرىگە يېقىن يېتىشىۋالاتتى.

بۈگۈن كېچە ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاچقا، كېچە ئاسمىنى ئىنتايىن قاراڭغۇ بولۇپ، ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ھاۋامۇ خېلىلا سوغۇق بولغاچقا، باللار مەڭگەننى قېلىنراق سېلىشىپ ياتقان ئىدى. زىخرۇللام بۈگۈن كېچە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك دەپ ئويلاپ قورسىقىم ئاغرىدى دېگەننى باھانە قىلىپ باللاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چەتتەرەك ياتقان ئىدى.

زىخرۇللامىنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەيتتى، ئەتراپنى تىڭشايتتى، ئۇخلاۋاتقانلارنى كۆزىتەتتى. نېمە ئۈچۈنكى يۈركى ئەنسىز سوقماقتا ئىدى. توساتتىنلا زىخرۇللام بوسۇغىدا ياتقان پوستىنىڭ خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈركى ئويناپ كەتتى.

ئېغىر ئەمگەكتىن چارچاپ ھالىدىن كەتكەن باللارمۇ قاتتىق ئۇيقىغا كېتىشكەن ئىدى. زىخرۇللام چاپىنى بىلەن ئايىغىنى ئېلىپ ئاستا تۇيغۇزماي، چىدىردىن پوستنى ئاتلاپ چىقتى-دە، راست ئۇخلىدىمۇ، يالغانمۇ دەپ پوستنى كۆزىتىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا چېدىردىن قەدەممۇقەدەم يىراقلاشتى. تۈن قاراڭغۇسىدا ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ زىخرۇللام كۈندۈزدىكى پىلانلاپ قويغان بەلگىلىرىگە قاراپ ناھايىتى سەزگۈرلۈك، چاققانلىق بىلەن سىم توساقنىڭ يېنىغا كەلدى. زىخرۇللامىنىڭ يۈركى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى، بۇ يەردە بىردەم كۆزىتىپ سىم توساققا تازا سەپسىلىۋېلىپ، كۈندۈزى چۆپنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان بىر يېرىم مېتىرچە كېلىدىغان بادرىنى تىيەك قىلىپ ”يا بىسمىللا“ دەپ بار كۈچى بىلەن بىر سەكرىگەن ئىدى، ئۇنى ئۆزۈن پۈتلىرى خۇددى ئاتلىغاندەكلا سىمنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويدى. زىخرۇللام ئۆزىنى بېسىۋېلىپ بىردەم تىڭشىدى، چېدىر تەرەپتىن ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى، يۈرەكلىرى يەنە ئەنسىز تىپچەكلىمەكتە ئىدى. 200 مېتىرچە يەرگە ئاستا مېڭىپ باردى-دە، ئاندىن شىمالغا قاراپ بار كۈچى بىلەن قاچتى. كېچىدە يولنى ئىلغا قىلماقمۇ ئىنتايىن تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زىخرۇللام بۇ يوللارنى پىششىق

بىلمەيتتى.
زىخرۇللام بىللە ئىشلەۋاتقان بالىلاردىن بىرنەچچىنى ئېلىـ
بىرگە قاچاي دەپمۇ ئويلىغان ئىدى. بىراق بۇ بالىلارنىڭ تولىـ
قورقۇنچاق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم كۆپ بولسا، نىشا
ئاشكارلىنىپ قالاتتى. زىخرۇللام كېچە قاراڭغۇسىدا بى
مەھەللىدىن ئۆتۈپ، تاغ تەرەپنى مۆلچەرلەپ تاغ تەرەپكە يۈگۈردى
شۇ ماڭغانچە يۇقىرى ئۆرلەپ مېڭىپ ئاخىر تاڭ يورۇشىغا تاغ
يېتىپ كەلدى-دە، كىشىلەر كۆرۈپ قالمىسۇن، چېرىكلەر ئىزدەپ
كەلسە ئېيتىپ قويىدۇ، دەپ ئويلاپ، تاغ باغرىدىكى بىر كامارغ
كىرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. شۇ چاغدا "ئۇھ"دەپ بىر چوڭقۇر
نەپەس ئېلىپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ئوڭدىسىغا ياتتى. ئۇنىڭ
پۇتلىرى قاپىرىپ كەتكەن بولۇپ، ۋىژىلداپ ئېچىشماقتا ئىدى.
زىخرۇللام يەنە ئويلاندى: "ئەگەر ھازىر دەم ئېلىۋېلىپ يەنە ماڭسام
كۈندۈزى بولغاندىن كېيىن خەقلەر كۆرۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن
ھازىر ئۇخلاپ كەچتە ماڭاي" دەپ كامارىدىن چىقىپ تاغ يولىنى
كۆزەتتى، شەرقىي شىمال تەرەپكە مېڭىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ
قايتىپ كىرىپ ياتقاندىن كېيىن، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.
زىخرۇللام قانچىلىك ئۇخلىغىنىنى بىلمىدى، پەقەت چۈشىدە
بىرسىنىڭ: "تۇر ئورنىڭدىن، تۇر!" دەپ ۋارقىرىغىنىنى
ئاڭلىغاندەك قىلدى-دە، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.
كۈن ناماز دىگەردىن ئاشقان ئىدى، ئۇ تالاغا چىقىپ ئەتراپق
تازا سەپسېلىپ كۆزەتكەندىن كېيىن، سايدىكى شارقىراتمىغ
چۈشۈپ يۈز-كۆزلىرىنى يۇيدى، زۇمرەتتەك سۈزۈك، زەمزەمتەك
تاتلىق تاغ سۈيىدىن قولىدا ئۇچۇمداپ تويغۇچە ئىچتى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قورسقى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ پۇتلىرىنىڭ قاپىرىپ كەتكەن يەرلىرىنى تىكەن بىلەن تېشىپ سىرىق سۇيىنى چىقىرىۋېتىپ، يەنە ئايىغىنى كىيىدى-دە، يولغا چىقتى. تاغ يولىدا يالاڭغىداق مېڭىش تېخىمۇ تەس ئىدى. ئەتراپ شۇنداق جىمجىت ئىدى، تاغدا بىر-بىرى بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن قارىغايلار زىخرۇللامىنىڭ كۆزىگە قوراللىق ئەسكەرلەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. تاغ يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېقىملىق ھەم قورقۇنچلۇق، شارقىراپ تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان كۆپكۆك تاغ سۈيى ئەتراپىدا يەنى ئېرىقنىڭ ئىككى يېنىدا ئۆسكەن تاغ تېرەكلىرى، تاغنىڭ ئىككى باغرى ياپيېشىل ئوتلاق ئۆسۈپ كەتكەن تىزدىن ئاشىدىغان چۆپلەر، چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ئېچىلىپ توزۇش ئالدىدا تۇرغان ھەر خىل گۈللەر، سايدىن تۇرۇپ تاغنىڭ ئەستىگە قارىسىڭىز، چوققىغا ياماشقان يالغۇز ئاياغ يوللار، تاغنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئۇرۇپ بولغان چۆپلەرنىڭ ئورنى سارغىيىپ كۆرۈنەتتى. تەبىئەت پۈتۈن گۈزەللىك، پۈتۈن ئەركىنلىكنى شۇ تاغلارغا ئاتا قىلغاندەك جىمجىت، خاتىرجەم ئىدى.

زىخرۇللام كۆز باغلانغاندىن كېيىن مۆلچەرى بويىچە سائىنى بويلاپ يەنە يولغا راۋان بولدى. ئۇ ئاچ قورساق بولۇپ، پۇت-قولىدا جان قالمىغان ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ، جاسارەتلىك بۇ سەھرا ئوغلى يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ تاڭ ئېتىشى بىلەن جېلىلىيۇزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى جابىق باينىڭ قىشلاقىغا يېتىپ كەلدى. مال تېخى يايلاقتىن قايتىپ كەلمىگەچكە، بۇ قىشلاق ئادەمسىز جىمجىت ئىدى. زىخرۇللام ئىشكى ئوچۇق تاشلار بىلەن قوپۇرۇپ سېلىنغان ئۆينىڭ ئىچىگە كىرگەن ئىدى، دىمىغىغا تېزەك پۇرىدى، ئۆينىڭ

سۇپىسىدا بورىنىڭ ئورنىغا سېلىپ قويغان مەڭگەندىن بىر خىل
سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى.

زىخرۇللام مەڭگەنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئايغىنى سالدى.
ئاندىن پۇتىنىڭ ئايغى يارا قىلىۋاتكەن يەرلىرىنى ئاۋايلاپ يەرگ
قويۇپ، يېڭى قاپارغان يەرلەرنى تېشىۋېتىپ خاتىرجەم بولدى
بولغاي، ئۆزىنى سېسىق مەڭگەنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ چوڭقۇر
خىيالغا كەتتى. ۋاپادار ئوغۇل يېتىپلا ئاپىسىنى ئويلىدى. "بىچارە
ئاپام ئۆزى شۇنداق كېسەلچان تۇرۇپ، ئىسلامىيۇزىدە تۇغقانلارنىڭ
نېنىنى يېقىپ، كىرىنى يۇيۇپ، ئۇچ ۋاخ قورساق تويغۇزۇش
ئۇچۇن قانچىلىك جاپا تارتىۋاتقانسەن؟ دىلىڭ قانچىلىك ئازار
يەۋاتقاندۇ؟ يەنە ئاغرىپ يېتىپ قالساڭ ساڭا كىم قارار. مەندەك
بىر ئوغلۇڭ تۇرۇپ سېنى ئەجەپ باشقىلارنىڭ قولىغا قارىتىپ
قويدۇمغۇ؟" دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆزىگە ئاچچىق ياش كەلدى.
يۈركى ئانا ئوتىدا پۇچىلانماقتا ئىدى.

كەينىدىنلا "مەن ئېزىلگەن كەمبەغەل دېھقانلارنى ئازاد
قىلىپ، گومىنداڭلارنى يوقىتىپ، بىزنى ئەزگەن، ئىت-ئېشەك
ئورنىدا كۆرگەن قادىر باي قاتارلىق خۇمسىلاردىن ھېساب ئېلىپ،
سېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىمەن" دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى
بېرەتتى.

گۈلزىرىخاننىڭ سالامەتلىكى خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالغان
بولسىمۇ، كېچە-كۈندۈز زىخرۇللامنى ئويلايتتى. "بىچارە بالام
كىچىككىنە تۇرۇپلا بايلارنىڭ ئىشنى قىلىمەن دەپ تىل-ئاھانەت
ئاڭلاپ، تاياق يەپ يۈرەمدىغاندۇر؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىنىڭ
مىجەزى ئىتتىك، ناھەق ئىشلارغا چىدىمايتتى. قادىر باينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زالىملىقىچۇ تېخى، شۇ زالىمنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ ئازار يەپ قالارمۇ؟ ئاھ خۇدا، بىزدەك يېتىم-يېسىرلارنىڭ ئازابى ساڭا قاچانمۇ يېتەر؟ يېتىمنىڭ ئىگىسى خۇدايىم دەيدىغان، قېنى سېنىڭ ئىگە بولغىنىڭ؟! يەنىلا شۇ بايلار مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدۇ“ دەپ يىغلاپ تاڭلارنى كۆندۈزگە ئۇلاپ يۈرگەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە، موللىتوختىيۈزدىن كەلگەن بىر دېھقاننىڭ باشقىلارغا دەپ بېرىشىچە، قىشلاق تامغا تۈيۈقسىزلا چېرىكلەر چىقىپ ياش باللارنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپتۇدەك، قادىر باينىڭمۇ ئارزۇلۇق بىر تال ئوغلىنى تۇتقان ئىكەن، قادىر باي چوڭ ئاغىچىسى بىلەن چېرىكلەرنىڭ باشلىقىغا ئالتۇن-يامبۇلارنى بېرىپ، باللىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ قويىنى باقىدىغان زىخرۇللام دېگەن باللىنى تۇتۇپ بېرىپتۇ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن چېرىكلەر يەنە مەھەللىگە كېلىپ قادىر بايغا سېنىڭ تۇتۇپ بەرگەن بالاڭ قېچىپ كەتتى. سەن ئۇنى تېپىپ بەرگىچە بالاڭنى تۇتۇپ كېتىمىز دەپ قادىر باينىڭ مەنسۇر دېگەن ماڭقىسىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. قادىر باي ئون نەچچە پايلاقچىنى زىخرۇللامنى تۇتۇپ كېلىشكە يېزا-يېزىلارغا ئەۋەتىپ، ئۆزى نۇرغۇن ئالتۇن-يامبۇ، تۆلكە تېرىلىرىنى ئېلىپ بالىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ھازىر پۈتۈن يېزىلارنى قادىر باينىڭ پايلاقچىلىرى ئاختۇرۇپ زىخرۇللامنى ئىزدەۋېتىپتۇ. يەنە بىر-ئىككى پايلاقچى ئالتە ئۆيگە كېلىپ زىخرۇللامنىڭ ئانىسىنى ئىزدەۋاتقۇدەك. بۇ خەۋەر ئۇدۇل گۈلزىرىخاننىڭ قۇلىقىغا يېتىۋېدى، گۈلزىرىخان ھوشىدىن كەتتى. ئۆيدىكى ئاياللار دەرھال ئۇنىڭغا سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۇرگەندىن كېيىن:

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، باشقىلار سېزىپ قالسا باينىڭ
پايلاقچىلىرىغا سېنى چېقىپ قويىدۇ، — دەپ گۈلزىخانغا نەسىھەت
قىلىپ، ئۇنى يىغىدىن ئاران توختاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن
گۈلزىرىخان كۈندۈزى تۇغقانلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرماي زىخرۇللامنى
ئويلاپ يۈردى، كەچلىرى بالا ئىشقىدا ئاھ ئۇرۇپ، يۈرىكى ئوت
كۆيگەندەك ئېچىشتى.

زىخرۇللام قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، غۇلجا ئايرودرومىدا
پوتەي ياساۋاتقان باللارنىڭ كۈنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ
كەتتى. گومىنداڭچىلار ئىنتايىن غالجىرلىشىپ كېتىپ باراتتى.
يولسىز ئادەم تۇتۇپ، يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈپ غالجىرلىقتا
چېكىگە يەتكەن ئىدى. زىخرۇللام قاچقاندا ئۇخلاپ قالغان پوستمۇ
سولاپ قويۇلدى ۋە قاتتىق تاياق يېدى، زىخرۇللام بىلەن يېقىنراق
باللاردىن بىرنەچچىسىمۇ سوراق قىلىندى ۋە سولىنىپ قاتتىق
تاياق يېگەنلىكتىن ئورنىدىن تۇرالماس ھالغا كېلىپ قالدى.

بۇ بەختسىز يىگىتلەر تاڭ سەھەردە تۇرۇپ ئىشلىسە چۈشتە
تاماقنى ئىش ئورنىدا يەپلا ئىشلەپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىشتىن
چۈشەتتى. بۇ ئۇۋالچىلىققا چىدىمىغان 2-3 يىگىت ھېلىقى تاياق
يېگەن چېرىك بىلەن قاچقان ئىدى. ئىككى بالا قېچىپ كەتتى.
چېرىك ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلدى.

ئاخىرى غۇلجىدا ئۇرۇش پارتىلاپ، غۇلجا ئازاد قىلىنىپ،
ئايرودروم ھەرەمباغ، لەڭشاڭلار ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇ يىگىتلەر
بېشى قايغان تەرەپلەرگە قېچىپ، بەزىلىرى پارتىزان دۆيلىرىنى
تېپىپ شۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. بەزىلىرى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ
كېتىشتى. زىخرۇللام جابىق باي ئاقالاقچىنىڭ قىشلىقىدا قانچىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇخلىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئويغانغاندا نامازدىگەردىن سەل ئۆتكەن ئىدى. ئەتراپتا ئىنس جىن كۆرۈنمەيتتى. زىخرۇللام سىپسىقچىلىق پۈراپ كەتكەن ئۆيدىن تالاغا چىقىپ ئەركىن نەپەس ئالدى، ئاندىن سايغا چۈشۈپ، زۇمرەتتەك سۈزۈك تاغ سۈيىدە يۈز-كۆزلىرىنى يۇيدى. ئاندىن تاغ سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ ئۆزىنى تېتىكلىشىپ قالغاندەك يېنىك سەزدى.

زىخرۇللام ئولتۇرۇپ بىردەم دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە يولىنى داۋام قىلدى، ئۇنىڭ يول يۈرۈشى بۇرۇنقىدىن ئاستىلاپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قورساق ئاچ، تاغ ئىچى ھەم كېچە بولغاندىن كېيىن تاغ سۈيىنى بويلاپ، ئۇ يەر، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ دەم ئېلىپ دېگەندەك يېرىم كېچىلەر بولغاندا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان بىرىدە ئۇخلاپ قالدى.

زىخرۇللام بىر توك قاغىنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ ھەيران قالدى، ئۆزى يولدا ياتاتتى، ۋاقىت چۈشتىن كېيىندەك قىلاتتى. ”مەن نېمە بولغاندىمەن؟ ياخشى بىرەسى مېنى كۆرۈپ قالماپتۇ“ دەپ ئويلاپ، پۇتلىرىنىڭ قاتتىق ئېچىشىپ ئاغرىشىنى، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى ئۇنتۇپ يولىنى داۋام قىلىپ، چۇلۇقاينىڭ بېشىغا بېرىپ قالدى. ۋاقىت نامازدىگەردىن كېيىنرەك بولغان ئىدى، زىخرۇللام مەھەللىنىڭ بېشىدا يەر سۇغۇرۇۋاتقان دېھقانغا ئۇچراپ قالدى. زىخرۇللام دېھقاننىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى. دېھقان 60 لاردىن ئاشقان ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، بۇركۈتتەك ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئاق كۆڭۈل، تەمبەل ئادەم ئىدى.

زىخرۇللام سالامدىن كېيىن:

— ئاكا، ئۇلاستايغا قانداق بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى، دېھقان زىخرۇللامنىڭ باشتىن ئايىغىغا تىكىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، گۇمان نەزىرى بىلەن:
— ئۆزەڭ نەدىن كېلىۋاتىسەن، ئۇلاستايغا نېمىشقا باراتتىڭ؟ — دېدى. زىخرۇللام بۇ تۇيۇقسىز سورالغان سوئالدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن:
— مەن پەنجىمدىن كېلىۋاتىمەن، دادام ئاغرىپ قېلىپ، بۇگۈن ئەتىلىكى قالغان ئىدى. ئۇلاستايدا دادامنىڭ بىر ھەدىسى بار ئىدى، شۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغان، بىز كەمبەغەل بولغاچقا، ئات ئۇلاقلىرىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇرۇن ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغان ئىدىم، يولنى بىلمەيمەن، تېنەپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى. دېھقان:
— ياخشى بوپتۇ، بالام، بىراق ئۆزۈڭ چارچاپ كېتىپسەن، قورسىقىڭمۇ ئاچتەك قىلىدۇ، ئۇلاستاي يېقىن يەر ئەمەس، جۇر بالام، بىزنىڭ ئۆي ئەنە، ئۆيگە بېرىپ قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ ئاندىن ماڭساڭمۇ بولىدۇ، — دەپ زىخرۇللامنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى، — ھوي ئاپىسى، ئۆيگە مېھمان كەلدى، تامىقىڭ تەييار بولدىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى، ئاندىن زىخرۇللامغا قاراپ بالام، ئاۋۇ باغقا كىرسەڭ ئېرىقتا ئېقىن سۇ بار، يۈز-كۆزلىرىڭنى يۇيۇپ ئولتۇرغىن، ئاندىن تاماق ئەكىلەي، — دېدى.

دېھقان كۆپنى كۆرگەن، مېھرىبان ئادەمدەك قىلاتتى.

ئەمەلىيەتتە دېھقان زىخرۇللامنىڭ ھارغىن چىرايىدىن، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىدىن، ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدىن ھەممىنى بىلىۋالغان ئىدى. چۈنكى، ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايتتى. زىخرۇللامنىڭ ئېھتىياتچانلىقىدىن راست گەپ قىلمىغىنىمۇ دېھقانغا ئايان ئىدى.

زىخرۇللامنىڭ باغدىن چىقىشىغا چايخانىغا جوزا قويۇلۇپ داستىخان سېلىنغان ئىدى. دېھقان بىلەن زىخرۇللام جوزىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا يېشى 50 لەردىن ئاشقان، ئاقپىشماق، پاكارراق ئايال ئىككى تەخسىدە راسا ئوخشىغان لەغمەن ئېلىپ كەلدى، لەغمەننى كۆرۈپ، زىخرۇللامنىڭ ئاغزىغا دەرھال سېرىق سۇ كەلدى.

دېھقان زىخرۇللامغا: "قېنى بالام تاماققا كەلگىنە"، دەپ ئۆز تەخسىسىنى قولىغا ئالدى. زىخرۇللام شۇ گەپنى كۇتۇپ تۇرغاندەك لەغمەننى يەپ ھەش-پەش دېگۈچە تەخسىنى قۇرۇغداپ قويدى.

دېھقان ئايالىغا:

—ئاپىسى، تامىقىڭ بولسا، مېھمانغا ئېلىپ كەل! — دەپ ۋارقىرىدى.

دېھقان تامىقىنىڭ تېخى يېرىمىنى تۈگەتمىگەن ئىدى. ئىزا تارتمىسۇن دەپ قەستەن زىخرۇللامغا قارىماي تۇرۇپ:

—ئالە بالام، پەنجىمدىن بۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان يولنى پىيادە مېڭىش ئاسان ئىش ئەمەس، —دەپ قويدى.

زىخرۇللامغا لەغمەن شۇنچىلىك تېتىپ كەتتىكى، ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق ئوخشىغان لەغمەن يېگەندەك تۇيغۇدا بولدى. ئۇ بىر چىنە ئاش سۈيىنى ئىچكىچە مۇنچاقتەك تەرلەپ كەتتى.

تاماقتىن كېيىن، دېھقان:

—بالام، سېنىڭ بارىدىغان مەنزىلىڭ خېلى ئۇزاق، سەن بىرەر كۈن ئۆيدە ياخشىراق دەم ئېلىۋېلىپ ماڭغىن، ئاچ قورساق،

پىيادە مېڭىپ مەنزىلگە يەتكىچە سېنىڭ ئىلىكلىرىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، سەن تېخى كىچىك ئىكەنسەن، سەن يالغان ئېيتقان بولساڭمۇ، مەن ھەممىنى چۈشىنىپ بولدۇم. سەن بىر ئۇلۇغ يولنى تاللاپ، كەمبەغەللەرنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن باتۇرلارنى ئىزدەپ ماڭغاندەك قىلىسەن، مەن ساڭا ئوخشاشتىن نەچچىسىنى مۇشۇ ئۆيدە ئۇزۇتۇپ قويغان، — دەپ سوئال نەزىرى بىلەن زىخرۇللامغا قارىغان ئىدى، زىخرۇللام پەرەڭدەك قىزىرىپ، مۇنچاقتەك تەرلەپ كەتتى.

زىخرۇللام بىر قاتتىق ئۇھ تارتىۋېلىپ يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى بىلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە دېھقانغا سۆزلەپ بەردى.

بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلىگىچە زىخرۇللامنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ كېچىسى قېچىپ كوندۇرى مۆكۈپ يۈرۈپ مىڭ جاپالار بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى-دە:

—رەھمەت ئاكا، چوڭ ئاپام ئىككىڭلارغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەي، مەن ماڭاي، مەن جېنىمنى گومىنداڭچىلار بىلەن باي، زومىگەرلەرگە قارشى كۈرەشكە تىكىپ قويدۇم، مەن سادىر پالۋاننىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ كۈرەش قىلىپ، گومىنداڭ بىلەن بايلارنى يوقىتىپ، ئېزىلگەن كەمبەغەللەرنى ئازاد قىلسام دادامنىڭ روھى مەندىن خۇش بولىدۇ. مەن ئۇ گۈيلاردىن دادامدەك ناھەق تاياق زەربىدىن ئۆلۈپ كەتكەن، ئېزىلگەن كەمبەغەللەرنىڭ ئەنتىنى ئالمىسام قانداق بىر ئوغۇل بالا بولىمەن؟ —دېدى دېھقانغا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دېھقانىنىڭمۇ كۆز چاناقلىرىدا ياش پەيدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com



بولدى. بۇ ياشلار ئەمگەكچان يىللارنىڭ يالدامىسى بولۇپ كۆز چۆرىسىنى ئۆمۈچۈك توردەك بېسىپ كەتكەن يول-يول قورۇقلاردا توختاپ قالدى. شۇ تاپتا دېھقاننىڭ غەزەپ-نەپرىتى تېشىپ، نۇرسىز كۆزلىرى يوغىناپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

— بوپتۇ ئوغلۇم، يولۇڭنى توسۇيالمىغۇدەكمەن، ساڭا خۇدا يار بولسۇن! ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ روھى يار بولسۇن. بارغىن بالام بىراق كېيىملىرىڭنى سال، چوڭ ئاپاڭ ياماپ بەرسۇن، — دەپ ئۇنىڭ كۆڭنىكىنى سالغۇزۇپ، يۇيۇپ، ياماپ بەردى. ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ يىرتىق يەرلىرىنىمۇ ياماپ، پۇتىدىكى جاراھەتلەرنى مايلاپ، تېڭىپ، بىرنەچچە كۈن يەتكۇدەك نان، ئۇسسۇزلۇق بېرىپ، ماڭىدىغان يولنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، «ساڭا ئاقيول بولسۇن، ئۇلاستاي دېگەن نىلقا ناھىيىسىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىگە قاراپ سوزۇلغان «كوك قايىر» تېغىنىڭ كۈنگەي باغرىغا جايلاشقان، چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان گۈزەل يايلاق بولۇپ، شىمالىدا «ئېس بوسۇن» چوققىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوققا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. سەن ئىزدىگەن ئىنقىلاب يالقۇنى ئەنە شۇ يەردىن تۇتاشقان، مانا شۇ ئوتتۇرىدىكى تاغنى بويلاپ ماڭساڭ ئۇلاستاينىڭ ئىچىدىكى «كۆك ساي»غا كىرىسەن، ئۇ يەردىن ئۇدۇل ماڭساڭ بىرەر ئۆيلۈك چارۋىچىلارغا ئۇچرايسەن، شۇلارغا ئەھۋالنى ئېيتساڭ سېنى ئوبدان يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئەمدى قورقماي كېچە-كۈندۈز مېڭىۋەرگىن بالام، ئۇ يەردە گومىنداڭلار يوق. ئېسىڭدە بولسۇن، مېنىڭمۇ ئابدۇكېرىم مەھەممەت دېگەن ئوغلۇم شۇ يەردە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالساڭ، بىزنىڭ سالىمىمىزنى يەتكۈزۈپ قوي، — دېدى. بۇ چاغدا ۋاقىت خۇپتەنگە

يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. بۇ ئاق كۆڭۈل دېھقانغا زىخرۇللام رەھمەت دېدىيۇ ئاخىرىدىكى سۆزلىرىنى دېيەلمىدى. خۇددى گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ كۆزلىرىگە ياش تولدى.

زىخرۇللام تەستە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ: "رەھمەت ئاكا، ماڭا خۇددى خىزىر يولۇققاندەك ئىش بولدى. چوڭ ئاپام ئىككىڭلارغا رەھمەتتىن باشقا دەيدىغان گەپ تاپالمىدىم... ئابدۇكېرىمنى چوقۇم ئىزدەپ تېپىپ سالىمىڭلارنى يەتكۈزىمەن" — ئۇ شۇنداق دېدىدە، قىيمىغان ھالدا يولغا راۋان بولدى.

بوۋاي بىلەن موماي زىخرۇللامنىڭ قارىسى يۇتكىچە ئۇنىڭ كەينىدىن زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇشتى. بوۋاي: "ھەي ياشلىق، مېنىڭمۇ ياش ۋاقىتلىرىم بولغان بولسا، چوڭ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، دۈشمەنلەرنى ئۆز قولۇم بىلەن يەر چىشلەتكەن بولاتتىم" دېدى ياشلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، "ئەپسۇس، ئەمدى ئارمان بار، دەرمان يوق"... ئۇ قولى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ يىراقتىكى تاغ چوققىلىرىغا كېچە قاراڭغۇسىدا ھەۋەس بىلەن قاراپ قويۇپ قىيمىغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. زىخرۇللام بوۋاي كۆرسىتىپ قويغان تاغ يولىنى بويلاپ مېڭىۋەردى. قورسىقى ئاچسا نان يېدى، قاپاقتىكى سۇنى ئىچتى، ئاخىرى ئۈچ كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن يولدا مال بېقىۋاتقان بىر قويچى قازاق يىگىتكە ئۇچرىدى. يىگىتكە يېقىنراق كېلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن قازاق يىگىتتىن ئۇلاستاينىڭ باش تەرىپىدىكى كۆك ساي قەيەردە؟ دەپ سورىدى.

قازاق يىگىت زىخرۇللامغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن بىر قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىقىقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئاتتىن چۈشۈپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ: "ئۆزۈڭ قەيەردىن؟ باتۇرلارنى ئىزدەپ ماڭغان ئوخشىمامسەن؟" دەپ سورىدى.

زىخرۇللامۇ تۈزۈت قىلمايلا: "راست، مەن ئاشۇ پارتىزانلارنى ئىزدەپ ماڭغىلى بۈگۈن بىرقانچە كۈن بولدى، غۇلجىدىن كېلىشىم" دېدى. قازاق يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا: "يارايسەن يىگىت، سەن مۇشۇ ئۇدۇلدىكى تاغنى كېسىپ ئۆتۈپ، سول تەرەپكە قارىساڭ، ئۆزۈڭ كەتكەن ساينى كۆرىسەن، "كۆك ساي" دېگەن شۇ. ساينى بويلاپ ئۆرلىگە ماڭساڭ ‹ئېس بوسۇن› چوققىسى كۆرۈنىدۇ. مانا شۇ ئەتراپتا پارتىزانلار ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ" دېدى. زىخرۇللام بۇ قازاققا رەھمەت ئېيتىپ يولغا يۈرۈپ كەتتى.

زىخرۇللام بىرئاز دەم ئېلىۋېلىپ بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن ھېلىقى ئېگىز تاغقا ئۇلاشتى.

بۇ تاغنىڭ ئىچىدىكى بىر-بىرى بىلەن بوي تالىشىپ قاتار-قاتار ئۆسۈپ كەتكەن ئېگىز قارىغايلار، شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان كۆپكۆك تاغ سۈيى تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ ھەيۋەتلىك گۈركىرىمەكتە ئىدى. تاغدىكى ھەر خىل ياۋا مېۋىلەر يەرگە تۆكۈلۈپ قاق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قاراقاتلار ئەمدى ۋايىغا يېتىپ پىشىپ كەتكەن ئىدى. سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى تۆكۈپ يېرىم يالىڭاچ قوللاردەك بولۇپ قالغان قوچاق يەتكۈسىز تاغ تېرەكلىرى، سارغىيىپ كەتكەن چۆپ، ھەر خىل ھەرياڭزا گۈللەر، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى شىرنىلىرىنى يىغىپ يۈرگەن ھەسەل

ھەرىلىرىنىڭ غۇڭۇلداشلىرى، ھەر خىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، قارىغايلاردا سەكرىشىپ ئويناپ يۈرگەن لەڭمەنتاقتاقلار، تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر يەردە جاڭگال دۇمباقچىسىنىڭ تۆمۈردەك ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن قارىغايلارنى تاق-تاق چوقۇغان ئاۋازى بۇ تاغنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

زىخرۇللام ئۆزىنى بىر ئەرشكە چىقىپ قالغاندەك ئەركىن، ئازادە سەزمەكتە ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تاغ ئىچىدىكى تەبىئەتنىڭ سېھرىي كۈچىگە ھەيران بولۇپ، قارىغايلارغا يامىشىپ يۇرۇپ تاغ ئۇستىگە چىقىپ بولغىنىنى سەزمەيلا قالغان ئىدى. خۇشاللىقىدىن يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. زىخرۇللام ئۆزىنىڭ چارچاپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەيلا قالدى.

تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قارىغان ئىدى، ئۆزىنى خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزىپ، بۇ دەخلى-تەرۇزسىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغنىڭ چوققىسىدا بىرىنچى قېتىم ئەركىن ئازادىلىقىنى ھېس قىلدى. زىخرۇللامنىڭ ئېگىز چوققىدا تۇرۇپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىغۇسى، تۇرۇپ يىغلىغۇسى كېلەتتى، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئازادلىق ئۇچۇن پەرۋاز قىلغان بۇ سەھرا ئوغلى ھاياجىنىنى باسالماي قالغان ئىدى.

تۇرۇپلا يەنە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، تاغ چوققىسىدىن سول تەرەپكە قارىغان ئىدى، ئۇزۇن كەتكەن ھېلىقى كۆكساينى كۆردى. زىخرۇللام تاغدىن پەسكە يۇگۇرۇپ دېگۇدەك چۇشتى، كۆك ساي ئىسمى-جىسمىغا لايىق كۆك ساي ئىدى. سايىنىڭ ئىچىدە يىلان باغرى يول ئالغان تاغ سۈيى كۆز يەتكۈسىز يىراقلارغا شىددەتلىك ئاقماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



سايىنىڭ ئىچىدە ئوتلاپ يۈرگەن چارۋا مال ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئەسلى كۆك ساي يايلاق بولۇپ، چارۋىچىلار تېخى يايلاقتىن قايتمىغان ئىدى. ئۇ يەر بۇ يەرلەردە ئاقىرىپ تۇرغان قازاق ئۆيلىرى كۆزگە چېلىقاتتى.

زىخرۇللام كۆك سايىنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، بىر يالغۇز كىگىز ئۆيىنى كۆردى.

كۆڭلىدە مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ، دېمىمنى ئېلىۋېلىپ ماڭاي دەپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆينىڭ يېنىغىراق كەلگەندە تۇيۇقسىزلا بىر ئىت كېلىپ ھاۋشىغىلى تۇردى. زىخرۇللام باشتا بىرئاز چۆچۈگەندەك قىلدى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تاياق ئالاي دەپ يەرگە ئېگىشكەن ئىدى، ئۆي ئىچىدىن ئوتتۇرا ياشلىق دوغىلاق كەلگەن بىر قازاق كىشى چىقىپ ئىتنى ۋارقىراپ كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، زىخرۇللامنى كەل ئوغلۇم دەپ ئۆيگە باشلاپ كىردى.

ئۆينىڭ ئىچىدە بىر قازاق كەمپىر بىلەن بىرسى يەتتە ياش، بىرسى توققۇز ياشلاردا ئۇستى بېشى جۇلجۇل ئىككى بالا ئويناۋاتاتتى، زىخرۇللامنى كۆرۈپ باللار مومايىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ياتسىراش ھەم قورقۇش ئىلكىدە زىخرۇللامغا ئەيمىنىپ قاراشتى. كەمپىر باللارنى كەينىدىن تارتىپ تالاغا چىقىپ ئويناڭلار دەپ چىقىرىۋەتتى.

ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى ئاددىي، كونا ئىككى پارچە كىگىز سېلىنغان، ئوتتۇرىدا ئاسما ئوچاق، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا كونا يوتقان يىغىلىقلىق، بىر تەرىپىدە ئاپتاپتىن ئۆڭۈپ كونىراپ كەتكەن، كەشتىلەنگەن بىر چىمىلدىق كېرىگىگە قىستۇرۇقلۇق

تۇراتتى.

كېرگىنىڭ ئىلغۇچىغا بىر دانە تۇلكە تېرىسى بىلەن بىر دانە بۆرە تېرىسى، ئۇنىڭ يېنىدا كۈمۈش بىلەن ھېقىق كۆز قويۇپ نەقىشلەنگەن بىر بەلۋاغ بىلەن بىر دانە قامچا ئېسىقلىق ئىدى. بۇلار، مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان بىردىنبىر تەۋەرۇكىدەك قىلاتتى.

بۇ سۇغا تەرەپتە بىر تاختاينىڭ ئۈستىدە ياغاچتىن ئويۇپ ئاددىيلا ياسالغان تەڭنە، چۆچەك، داستىخان، چۆمۈچ قاتارلىق نەرسىلەر تۇراتتى. زىخرۇللام ئۆيگە سەپسېلىپ بولغۇچە بىر قازاق كېلىنچەك بايىقى باللارنىڭ ئانىسى بولسا كېرەك، قولىدا ئوتۇن-تېزەكلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئوچاققا ئوت ياقتى. بوۋاي يېنىدىكى خالتىسىنى چىقىرىپ ئاغزىغا ناسۋالنى سېلىپ كىگىزنىڭ ئاستىغا "چىرت" قىلىپ بىرنى تۈكۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، زىخرۇللامغا قاراپ: "خوش بالام، سېن قايدان كېلىسەن، ئاتى-جۆنىڭ كىم بولادى؟" دەپ سورىدى.

زىخرۇللام بوۋاينىڭ تۇرقىدىن كۆپنى كۆرگەن ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى-دە، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن جەبرۇ-جاپالىرىنى بىرنى قويماي تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

بوۋاي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاچ كېلىنىگە: "ھاي كېلىن بول، مېھمانغا داستىرخان سالىپ، چايىڭدىن قوي" دېدى. بوۋاي بىر پەس زىخرۇللانىڭ سەزگۈرەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئىچى ئاغرىدىمۇ ياكى بايىلارغا غەزەپ-نەپرىتى قوزغالدىمۇ-قانداق، سۈكۈت بىلەن بىر نۇقتىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، زىخرۇللام بوۋاينىڭ مۇشتۇملىرىنىڭ چىڭ تۈگۈلگەنلىكىنى، غەزەپ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇلتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. كېلىنىنىڭ : "ئاتا چايغا كېلىڭىز" دېگەن سۆزى بىلەن بوۋاي ئېسىگە كەلدى.

قازاق مىللىتى ئەزەلدىن مېھماندوست، ھەرقاندق ئادەم ئۆيگە كىرىپ قالسا بىر چىنە قايناقسۇ بولسىمۇ قويۇپ يولغا سالىدۇ. كېلىن داستىخان سېلىپ، ئازراق جىرىس كۆمبە نان بىر ياغاچ تەخسىدە تالقان (ئارپا تالقىنى) ، كىچىككىنە قورۇت، ئىرىمچىك، سېرىق ماي بىلەن ئوخشىتىپ ئەتكەن چاينى قويۇپ ئەكەلدى. زىخرۇللامغا بۇ چاي باشقىچە تاتلىق تېتىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ئىسسىق چايدىن نەچچە چىنە ئىچىۋەتتى. بوۋاي ئۆزىمۇ چاي ئىچكەچ زىخرۇللامنى ناھايىتى قىزغىن مېھمان قىلدى ھەم: "بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قال بالام، سېنىڭ تاللىغان يولۇڭ ئۇلۇغ يول، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىپ، خەلقنى ئازاد قىلىش دېگەن ئىنتايىن چوڭ ئىش، مەن ساڭا دۇئا قىلاي، سېنىڭ پارتىزانلارنى تېزرەك تېپىپ چوڭ سەپكە قوشۇلۇپ، دۈشمەننى يوقىتىشتا قورقماس، باتۇر بولۇش ئارزۇيۇڭنىڭ تېزرەك ئەمەلگە ئېشىشىنى ئاللادىن تىلەيمەن. ئاق يول بولسۇن، سالامەت بول بالام" دەپ دۇئا بەردى. زىخرۇللام بۇ ئاق كۆڭۈل چارۋىچىلارنىڭ كىچىككىنە ئۆيىدە قونۇپ ئۇلارنى قىيناپ قويغۇسى كەلمىدى.

زىخرۇللامنىڭ يۈرىكى پارتىزانلارنى تېزرەك تاپقىن دەپ ئەنسىز چوقان سېلىۋاتاتتى. زىخرۇللام ئۆزرىخاھلىقىنى ئېيتىپ بوۋاي بىلەن خوشلاشتى. ئاخىر بوۋاي: "بوپتۇ بالام، سېنى تۇتۇپ قالالمىغۇدەكمەن، مۇشۇ كۆكسايىنى ئۆرلەپ ئازراقلا ماڭساڭ پارتىزانلارنى ئۇچرىتىپ قالىسەن. ھازىر ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى پاتىق، غېنى، ئەكبەر باتۇرلار، يەنە نىلقىلىق بىر ئورۇسمۇ بار،

ئىشنىڭ ئوڭ بولسۇن بالام“ دەپ يول كۆرسىتىپ زىخرۇللامنى ئۇزىتىپ قويدى. زىخرۇللام بوۋايدىن سۆيۈنۈپ كەينىگە قارىغان ئىدى، چال، كەمپىر، ھېلىقى كەپسىز نەۋرىلەر قول پۇلاڭلىتىپ خوش، دەپ قالدى.

زىخرۇللام كۆكساينىڭ يۇقىرىسىغا ئازراقلا ماڭغان ئىدى، بىر نەچچە ئاتلىق يىگىتلەرگە ئۇچرىشىپ قالدى، يىگىتلەر زىخرۇللامدىن گۇمان قىلىپ قالدىمۇ، گەپ-سۆز قىلمايلا ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. چۈنكى بۇ يەرگە گومىنداڭچىلارنىڭ پۇلغا سېتىۋېلىپ ئەۋەتكەن پايلاقچىلىرىمۇ كېلىپ تۇراتتى. شۇڭا پارتىزانلار ھەرقانداق ئادەمدىن گۇمان قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

كۆكسايدىن ئازراقلا ئۆتكەندە بىرقانچە چېدىر كىگىز ئۆيلەر تۇراتتى، بۇ ئۆيلەر تارقاق بولۇپ، تاغ تېرەكلىرىنىڭ دالدىسىدا سۇنىڭ بويىغا جايلاشقان ئىدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر، قازاق يىگىتلىرى مەشىق قىلىشىۋاتاتتى، بىرسى ئۇلارغا قورال ئېتىش، تۇتۇشنى ئۆگىتىۋاتاتتى. پارتىزانلار زىخرۇللامنى بۆككىدە قىيىن، تاغ تېرەكلىرى چۆرىدەپ تۇرغان كىچىكرەك بىر چېدىرغا باشلاپ كىردى. بۇ يەردە بىر ئادەم ياغاچنى قېقىپ ياسىۋالغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى.

ئادەم كىرگىننى ئاڭلاپ بۇ كىشى كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ زىخرۇللامغا قارىدى. ئاڭغىچە بايىقى يىگىتلەردىن بىرسى: ”پاتىق باتۇر بۇ بالىنى سەل تۆۋەندىن تۇتۇۋالدۇق، مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىكەن“ دېگەن ئىدى، پاتىق يىگىتلەرگە قاراپ چىقىپ كېتىڭلار، دەپ قول ئىشارىسى قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زىخرۇللامنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىدەك تىپچەكلەپ سوقماقتا ئىدى، تۇرۇپ كۆڭلى بۇزۇلۇپمۇ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىدە ياشلار ئەگىپ قالدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پاتىقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئىدى.

پاتىق باتۇر ئوقۇۋاتقان كىتابنى كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇپ، زىخرۇللامغا باشتىن-ئاخىر بىر سەپسېلىپ سىنچى كۆزلىرى بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ ئاغزىنى نېمە ئۈچۈنكىن بىر قۇر سۈرتۈپ ياغلىقنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ خاتىرجەم، تەمكىن تەلەپپۇزدا:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دېدى.

زىخرۇللام دەرھاللا:

— ئىسمىم زىخرۇللا، — دېدى.

— قانچە ياشقا كەلدىڭ؟

—19 ياشقا.

— يۇرتۇڭ قەيەر؟

— قىشلاق تام.

— ئۆيۈڭدە كىملەر بار؟

— ئانامىلا بار.

— داداڭچۇ؟

— مەن ئۇن نەچچە ياشقا كىرگەندە، گومىنداڭ چېرىكلىرى ”باج تۆلىمىدىڭ“ دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن.

— ئاپاڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— مەھەللىمىزدىكى قادىر باينىڭ نېنىنى يېقىپ، كىرىنى يۇيۇپ جان باقىدۇ.

— سەن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟

— دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاپام ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، مەن 12 يېشىمدىن باشلاپلا قادىر باينىڭ مېلىنى باقتىم. بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم تاياق يېدىم، ھاقارەتلەندىم. مەن 18 ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا، باي ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق بالىسىنىڭ ئورنىغا مېنى چېرىكلىككە تۇتۇپ بەردى. گومىنداڭچىلار سەھرا-سەھرادىن تۇتقان 20-30 مىزنى غۇلجا شەھىرىگە ئەكىرىپ، ئايرودرومدا كېسەك قويغۇزۇپ پوتەي ياسىتىپ، ئىت-ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئۇرۇپ-دۇمبالىدى، قورسىقىمىز تويغۇدەك تاماق بەرمىدى، بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدۇق. ئەسلى مەن سىلەرنىڭ نامىڭلارنى يېزىدىكى ۋاقتىدىلا ئاڭلىغان ئىدىم، سىلەرنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن يولغا چىقىمەن دېگەن كۈنۈم چېرىكلەرگە تۇتۇلۇپ قالدىم، ئاخىرى پۇرسەت ئىزدەپ ئايرودرومدىن قېچىپ نەچچە كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ سىلەرنى ئاران تاپتىم، — دەپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى.

پاتىق ئاڭلاپ:

— بولدى، بولدى، يىگىت دېگەن يىغلىمايدۇ، بولدى قىل، — دېدى.

زىخرۇللام تەستە يىغىنى توختىتىپ، ئېغىز ئاچتى:

— مەنمۇ پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ، قولۇمغا قورال ئېلىپ زۇلۇمغا قارشى ھۆررا توۋلاپ، گومىنداڭچىلارنى يوقىتىپ باي غوجاملارنىڭ قولىدا قولدىنمۇ بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرگەن، چېرىكلەرنىڭ، زالىملارنىڭ قولىدا ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن دادامغا ئوخشاش كەمبەغەللەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ، ئېزىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خەلقنى ئازاد قىلسام دەيمەن، — دېدى قەتئىيلىك بىلەن، ئۇنىڭ ھاياجاندىن پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى. يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتتى. زىخرۇللام بۇ سۆزلەرنى قىلغىچە چىشلىرى غۇچۇرلاپ، چىرايلىرى قاردىپ ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلۈپ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتتى.

پاتىق زىخرۇللامنىڭ سەزگۈرەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. پاتىق باتۇرنىڭمۇ كۆزىنىڭ جيەكلىرى قىزىرىپ مۇشتۇملىرى تۈگۈلۈپ، "ئەبلەخلەر!" دېدى. ئاندىن ھاياجىنىنى باسالماي زىخرۇللامغا قاراپ:

—بولدى ئوغلۇم، بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولدۇڭ، — دېدى ۋە دەرھاللا: — مىلتىق ئاتالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

زىخرۇللام:

—ياق، مىلتىقنى كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى.

—ئۆلۈمدىن قورقامسەن؟ — دەپ سورىدى پاتىق يەنە.

—ئۆلۈمدىن قورققان بولسام شۇنچە ئۇزاق يوللارنى بېسىپ سىلەرنى ئىزدەپ كەلمەيتتىم، — دېدى زىخرۇللام قەتئىيلىك بىلەن.

پاتىق زىخرۇللامنىڭ غولىغا ئۇرۇپ "يارايسەن ئوغلۇم" دەپ تۇرۇشىغا، ئىشىكتە ئېگىز بويلۇق، كۆزلىرى يوغان بىر ئادەم پەيدا بولدى. پاتىق باتۇر:

—غېنى قارا، بۇ ئىنىمىز يېڭى كەلدى، — دەپ زىخرۇللامنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

—ھە مۇنداق دېگىن قىشلاق تاملىق قادىر باينىڭ قويچىسى

دېگىن، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى يەيدىغان ۋاقتى بولدى، بالام، ياخشى كەپسەن، كاساپەت ئېگىز ھەم ئورۇق قوتۇر نېمىكەنسەن، بىراق كۈچتۈڭگۈر تۇرسەن داڭگال، — دېدى چاقچاق قىلىپ، بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرى بەك قوپال ئىدى. تۇرقىغا قاراپلا زىخرۇللام ئىچىدە غېنى باتۇر دېگەن مۇشۇكەندە، ياناللا نېمە دېگەن يوغان ئادەم بۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، ھەيرانلىق بىلەن غېنى باتۇرغا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. توساتتىنلار غېنى باتۇر:

— هوي سەھرالىق، ئات مىنىشنىغۇ بىلىدىغانسەن؟ — دەپ سوراپ قالدى.

زىخرۇللام دەرھاللا:

— ئاتنى خېلى ئوبدان مىنىمەن، — دېگەن ئىدى. غېنى باتۇر:

— سەن موللىتوختىيۇزىگە بارغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بارغان، مېنىڭ ئانام موللاتوختىيۇزلۇك، مەن سادىر پالۋاننىڭ ئەۋلادى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— پاھ، ماۋۇ گادايىنىڭ مەن سادىر پالۋان ئەۋلادى دېگىنىنى قارا، — دەپ زىخرۇللامنىڭ مۇرىسىگە بوشلا ئۇرۇپ قويغان ئىدى، زىخرۇللام يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. غېنى باتۇر زىخرۇللامغا قاراپ:

— سەنمۇ پالۋان بوۋاڭنىڭ روھى بويىچە ياخشى ئۆگەن خۇمسى، ئاتقان ئوقۇڭ زايە كەتمىسۇن، — دېدى قوپال چاقچاق قىلىپ. زىخرۇللام بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىگە ھەيران قالدى. پاتىق، بۇ ئەھۋالنى سېزىپ:

— ھە، ئوغلۇم بۇ باتۇرنىڭ گەپلىرى شۇنداق قوپال، ئۇ ساڭ چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دەپ قويدى، ئاندىن بىر كانۋاي پارتىزاننى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com


چاقىرىپ:

— بۇ زىخرۇللامنى بىرىنچى ئەترەت ئۇچىنچى بۆلۈمگە بېرىڭلار، سەن بىر مىلتىق ئېلىپ كەل، باشتا بۇ بالىغا مىلتىق تۇتۇش، تازىلاش ئاندىن ئېتىشنى ئۈگىتىڭلار، ئۇ ھازىرغىچە مىلتىق تۇتۇپ باقمىغان ئىكەن، ياخشى بىر باتۇر بولغۇچە تىرىشىپ ئۆگەنسۇن، ئۇستىۋېشىغا بىرەر قۇر كىيىم-كېچەك، ئاياغ بېرىڭلار، ئاۋۋال سۇدا يۇيۇنۇۋالسۇن، ئاندىن سانىتارلار يارىلىرىنى تازىلاپ تېڭىپ قويسۇن، — دەپ تاپشۇردى.

كانىۋاي بالا زىخرۇللامنى باشلاپ چىقىپ، خەمتىنىڭ ئەترىتىگە قوشۇپ قويدى، ئاندىن بىر مىلتىقنى قولىغا ئالغاندا ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. چۈنكى بۇ سەھرا ئوغلى ئاخىر مەقسىتىگە يەتكەن ئىدى. ئۇ مىلتىقنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىنى سىلاپ تۇتۇپ كۆردى، ئاڭغىچە ھېلىقى بالا:

— بۇ ئوق مىلتىقى، بۇنى ئاتقان چاغدا مۇنداق تۇرۇپ پاينەكنى ئوڭ مۈرەڭگە تىيەپ، مۇنۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان مىشكانى مىلتىق ئۇچىدىكى كىچىك بەلگىگە توغرىلا، بۇ قارىغا ئالغانلىق بولىدۇ، ئاندىن قولۇڭنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن توغرىلاپ تۇرۇپ كورچۇكنى باسساڭ ئاندىن مىلتىقتىن ئوق چىقىدۇ، مىلتىققا ئوق سېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇنۇ كورچۇكنى سولغا قايرىپ، ئالدىغا تارتساڭ بىر بوشلۇق چىقىدۇ، ئەنە شۇ يەرگە ئوقنى سېلىپ، كورچۇكنى ئالدىغا ئىتتىرىپ، تۇتقۇچىنى ئوڭغا قايرىپ قويساڭ مىلتىق بەتلىنىدۇ. ئاندىن ئالدىڭدىكى دۈشمەننى توغرا قارىغا ئېلىپ ئاتسەن، ئۇقتۇڭمۇ، — دەپ ناھايىتى ئەستايىدىل سەممىيلىك بىلەن ئۈگەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ زىخرۇللام مىلتىقنى بىرنەچچە كۈن تىرىشىپ مەشىق قىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئوبدانلا مىلتىق ئېتىشنى ئۆگىنىپ كەتتى. بىر كۈنى پارتىزان باشلىقلىرى يىغىن ئېچىپ، نىلقا ناھىيىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ساقچى ئىدارىسىدە قامىلىپ ياتقان مەھبۇسلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنى مۇزاكىرە قىلدى، پاتىق باتۇر:

—ئۇنداق بولسا بىز ئاۋۋال ئىككى پارتىزاننى ناھىيەنى رازۋېدكا قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتەيلى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، ناھىيىدە قانچىلىك ئەسكەر بار؟ ساقچى ئىدارىسىدە قانچىلىك ئەسكەر بار؟ خەلقنىڭ رايى قانداق؟ شۇلارنى ئىگىلەپ كەلسۇن، بىز ئاندىن قارار قىلايلى، —دېدى. ئەكبەر باتۇر:

—ئۇنداق بولسا بۇ ۋەزىپىنى قايسى كىچىك ئەترەتتىكى كىملەرگە تاپشۇرۇش كېرەك؟ دېدى. پاتىق:

—مېنىڭچە خەمىتنىڭ ئەترىتىدە خىللانغان پارتىزانلار بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نىلقا ناھىيىلىك بالىلارمۇ بار، ئۇلار ناھىيىنىڭ ئۆي-چوڭقۇرىنى تازا ياخشى بىلىدۇ، شۇلاردىن ئىككى بالىنى تاللاش كېرەك. بىرسى ھېلىقى قىشلاق تاملىق پارتىزانىنىمۇ ئەۋەتىش كېرەك، —دەپ قوشۇپ قويدى.

خەمىت ئۆز ئەترىتىدىكى پارتىزانلارنى يىغىپ، ۋەزىپىنى ئۇقتۇرغان ئىدى، ئەڭ دەسلەپ زىخرۇللام ئاندىن كېيىن بالىلارنىڭ ھەممىسى بىر قەدەم ئالدىغا چىقتى.

خەمىت ئەترىتىدىكى بالىلارنىڭ ئىنقىلابىي روھىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن بالىلارغا قاراپ:

—تۇرسۇنجان سەن چىق، چۈنكى سەن شۇ ناھىيىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەھۋالنى ياخشى بىلىسەن، يەن بىرسىگە يېڭى كەلگەن زىخرۇللام بارسۇن، —دېدى ۋە زىخرۇللامغا قاراپ، — ئازراق تاراق-تۇرۇق بولسا قورقۇپ قېچىپ كەلمە، —دەپ كۆلدى چاقچاق قىلىپ.

زىخرۇللام:

—باشلىق خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئېزىلگەن خەلقنى ئازاد قىلىمەن دەپ ئۆزۈمگە قەسەم بەرگەن، دۈشمەننى قورقىتمەنكى، ئۆزۈم بالادىنمۇ قورقمايمەن، —دېگەن ئىدى، پارتىزانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

"يارايسەن" خەمىت زىخرۇللامغا زوقلىنىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇردى. دەسلەپ سىلەر ئىككى ئېشەك هارۋىغا بېدە بېسىپ، بازارغا بېدە ساتقۇچى دېھقان قىياپىتىدە كىرىسىلە، سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلا ئاساسەن دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىپ، ئەھۋالنى تولۇق ئىگىلەش، ناھىيىدە قانچىلىك گومىنداڭ ئەسكىرى بار؟ بولۇپمۇ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە قانچىلىك ئەسكەر، ساقچىلار بار؟ ئۇلار نەلەردە پوست تۇرىدۇ؟ تۈرمىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ھەرگىزمۇ چاتاق چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

تۇرسۇن بىلەن زىخرۇللام ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. سىرتقا چىققاندىن كېيىن تۇرسۇن زىخرۇللامغا: "بۇ قېتىم بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىنتايىن خەتەرلىك، چۈنكى ناھىيىگە كىرىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ھەقىقىي دېھقان بالىسىغا ئوخشىتىشىمىز كېرەك" دېدى ۋە ئىككەيلەن دېھقان بالىلىرىدەك كىيىنىشتى.

خەمىت خۇشاللىقىدىن: "راست، راستىنلا دېھقان بالىلىرىغا

ئوخشاپسىلەر، سەبداشلىرىڭلا سىلەرگە ئىشەك هارۋا بىلەن بىدىنى تەقلەپ قويدى، ئەمدى سىلەر يولغا چىقىڭلار، سىلەرگە ئاقيول تىلەيمىز" دەپ باللارنى ئۇزىتىپ قويدى.

بۇ سىپى ئۆزىدىن دىھقان باللىرى بىشىدا ئاق مالىخاي، يالغان بۇرۇت ياساپ ئىشەك هارۋىنى هەيدەپ ناھىيگە يۈرۈپ كەتتى. تۇرسۇن ئازراق خەنزۇچە بىلىدىكەن ئەمما زىخرۇللام نەدە يۈرۈپ خەنزۇچە بىلسۇن، تۇرسۇن ئالدىدا، زىخرۇللام كەينىدە بىدە سىپلىنغان ئىسەك هارۋىسىنى هەيدەپ، نىلقا بازىرىغا كىرىدىغان كۆۋرۈككە كەلگەندە ئىككى نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرى بۇلارنىڭ ئالدىنى توساپ، نەگە بارىسلە، — دەپ سورىدى.

تۇرسۇن قىلچە هودۇقماستىن: "بىز دىھقان ماۋۇ بىدىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ سىتىپ، ئازراق تۇز، چاي ئالىمىز"دەپ جاۋاب بەردى. ئاڭغىچە تۇرسۇن دەرھال ئىسىگە كىلىپ، باشلىقى خەمىتنىڭ بەرگەن تاماكىسىنى چىقىرىپ چىرىككە تۇتۇپ چاقماق بىلەن تۇتاشتۇرۇپ بەردى. تۇرسۇننىڭ قولدىكى بىر قاپ تاماكىنى چىرىك تارتىۋىلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن يانچۇقىغا سالدى: "هەي، سىلەر تەرەپتە زىۋازىلا بارمۇ؟" دەپ سورىدى.

تۇرسۇن دەرھاللا: "يوق، بىز تەرەپتە زىۋازا يوق، مەھەللىمىز ناھايىتى تىنچ" دىدى. "زىۋازا بولسا بىزگە ئىيىت" دەپ باللارنى قويۋەتتى.

بۇلار كۆۋرۈكتىن ئامان ئىسەن ئۆتۈۋىلىپ بازارغا بارماي، ئۇدۇل تۇرسۇننىڭ ئابدۇكىرىم ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئابدۇكىرىم ئۆيدىن چىقىپ بۇلارنى كۆرۈپ هەم هەيران قالدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەم چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى تۇرسۇننىڭ پارتىزان ئىكەنلىكىنى ئابدۇكېرىم بىلەتتى.

ئۇ ھەيرانلىق بىلەن: ”ۋاي ئاغىنە، قورقمايلا يولۇۋاسنىڭ ئۇگىسىغا قانداق كىرىپ قالدىڭلا؟“ دەپ سورىدى. تۇرسۇن تېزلا: ”ئاداش قورققان ئادەم بىزدەك ئىنقىلاب قىلىمەن دەپ جېنىنى تىكىپ قويامدۇ؟“ دېدى چاقچاق قىلىپ، ئاندىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن: ”ئابدۇكېرىم ئاداش، بىز سىلىنىڭ ئۆيۈڭدە چاي ئىچكەچ دەم ئېلىپ تۇرساق سەن بازارغا چىققاچ گومىنداڭنىڭ قانچىلىك ئەسكىرى بار؟ قەيەردە تۇرىدۇ؟ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدا قانچىلىك ئەسكەر بار؟ تۈرمىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ بىر ئىگىلەپ كەلسەڭ، بىز كەچ كىرگىچە يەنە قايتىپ كەتمىسەك بولمايدۇ“ دېدى.

ئابدۇكېرىم بولارنى ئۆيگە باشلاپ، ئۆيدىكىلەرگە ئاغىنىلەرگە چاي بېرىپ تاماق قىلغاچ تۇرۇڭلا، مەن بازارغا چىقىپلا كېلەي دەپلا چىقىپ كەتتى.

ئابدۇكېرىم تاغقا چىقىپ كەتمىگەن بىلەن، ئۇنىڭ يۈرىكى ئازادلىق ئۈچۈن ئاتەشتەك لاۋۇلداپ كۆيەتتى. ئاڭغىچە ئوچۇق دەرۋازىدىن بېدىنى كۆرۈپ بىرنەچچە ئادەملەر ساتامسىلەر دەپ سورىدى. زىخرۇللام دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ بىردەم باھا تالىشىپ ئاخىر ئىككى هارۋا بېدىنى 70 تەڭگىگە سۆزلىشىپ خېرىدارلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ چۈشۈرۈپ بېرىپ، پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ خۇشال قايتىپ كەلدى. تۇرسۇننى ئادەملەر تونۇغاچقا، تۇرسۇن ئۆزىنى ئۇلارغا كۆرسەتمىدى. ئەمما زىخرۇللام قايتىپ كەلگىچە قاتتىق ئەنسىرەپ تۇردى. تۇرسۇن زىخرۇللامنى

كۆرۈپ: "قاتتىق ئەنسىرەتتىڭ ئاداش، 70 تەڭگە بولسىمۇ بوپتۇ، ئازراق گۈرۈچ ئالغاچ كېتەيلى" دېدى.

بۇلار ئەمدى تاماقىا ئولتۇرغان ئىدى، ئابدۇكېرىم كەلدى. بۇلار تاماق يېگەچ ئابدۇكېرىمنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

— ئاداش تۇرسۇن، — دېدى ئابدۇكېرىم تەمكىنلىك بىلەن، — نىلقا شەھەر ئىچىدە گومىنداڭ تۇرغۇزغان ئەسكەرلەر يوق ئىكەن، پەقەت ناھىيە ساقچى ئىدارىسىدە بىر پەيگە يېقىن گومىنداڭ ئەسكىرى يەنە بىرقانچە ساقچى خادىمى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، بانكا، پوچتىخانىدا بىرمۇ ئەسكەر يوق ئىكەن. ئەگەر سىلەر ھەممىڭلار توپلىشىپ ھۇررا بىلەن ناھىيىگە بولۇپمۇ ساقچى ئىدارىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلساڭلار، نىلقا ناھىيىسىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئازاد قىلالايسىلەر، — دېدى.

تۇرسۇن بىلەن زىخرۇللام خۇشاللىقىدىن يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. تۇرسۇن ئابدۇكېرىمگە "رەھمەت ئاداش" دەپ تۇرسۇننى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئىچىدە بىر پىرقىرىتىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ بېدىنىڭ پۇلىغا بىزگە ئازراق گۈرۈچ ئەكىلىپ بەرگىن، ئاندىن بىز تېزرەك قايتىپ كېتەيلى، — دەپ بېدىنىڭ پۇلىنى ئابدۇكېرىمگە تۇتقۇزۇپ قويدى. ئابدۇكېرىم چىقىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن يېرىم تاغار گۈرۈچنى ئېشەك ھارۋىدا ئېلىپ كىردى.

تۇرسۇن بىلەن زىخرۇللام ئابدۇكېرىمگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىپ قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ كۆۋرۈككە كەلگەندە ھېلىقى سېرىق چاپان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇلارنىڭ يولىنى يەنە توستى. زىخرۇللام تۇرسۇنغا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئاداش، بۇ ئىككىسىنى ئاستا جايلىۋېتىپ قورالىلىرىنى ئولجا قىلىپ مارۋىغا باسقاچ كەتمەيمىزمۇ؟ — دېدى. تۇرسۇن:
— بولىدۇ. ئاداش، لېكىن قاتتىق ئېھتىيات قىلايلى، — دەپ ئىككىسىنى يېقىنراق كېلىشكە شەرەت قىلىپ، يانچۇقىدىن يەنە بىر قاپ تاماكا چىقاردى. بۇنى كۆرگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يېقىن كېلىپ تاماكىنى بۇلاپ ئېلىۋاتقاندا، زىخرۇللام بۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ بازغاندەك قوللىرى بىلەن ئىككى چېرىكنىڭ بېشىنى قاتتىق ئۇستۇرۇۋەتتى. ئىككى چېرىك موللاق ئېتىپ ئېسىگە كەلگۈچە ئىككىسىنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋېلىپ مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى ئىككىسىنىڭ قورسىقىغا تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئىككى مىلتىقنى ئولجا ئېلىپ، ئۆلۈكلەرنى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا تاشلىۋېتىپ، ئۆزلىرى خۇشال-خۇرام ئەترەتكە قايتىپ كېلىشتى. ئەترەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى ئەترەت باشلىقى خەمىتكە دوكلات قىلىپ، ئولجىغا كەلگەن ئىككى دانە مىلتىق بىلەن 15 تال ئوقنى تاپشۇرۇپ بەردى.

خەمىت دوكلاتنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە:
— يارايسەن سەھرا ئوغلى، — دەپ زىخرۇللامنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى. خەمىت رازۋېدكا ئەھۋالىنى، غېنى، پاتىق، ئەكبەرلەرگە دوكلات قىلدى.

باشلىقلار پۈتۈن كىچىك پارتىزان ئەترەتلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ نىلقا بازار ئىچىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تېزلىكتە تۈزۈپ چىقتى. بۇلار شەھەرگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. بىر ئەترەت قاش دەرياسىنىڭ يان تەرىپىدىن شەھەرگە كىرىش، يەنە بىر ئەترەت بازارغا ئۇدۇل كىرىش، يەنە بىر ئەترەت شەھەرنىڭ

شەرق تەرىپىدىكى دۆڭ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش.

ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بولۇشى بەلگىلەندى. "سائەتنىڭلارنى توغرىلاڭلار"، دېدى. شۇنداق قىلىپ بۇلار سائەت ئۈچتە (سەھەر) ئادەملەر قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقاندا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بۇ خەۋەرنى بارلىق ئەترەتلەرگە يەتكۈزدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ زىخرۇللام قىن-قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈنكى شۇنداق بولغاندا زىخرۇللام بىرىنچى قېتىم ئۆز قولى بىلەن مىلتىق ئېتىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشماقچى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى.

زىخرۇللام تۇنۇگۇن بىرىنچى قېتىم رازۋېدكىغا چىقتى ھەم ئىككى نەپەر دۈشمەن ئەسكىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ ئىككى دانە مىلتىق، 15 تال ئوق ئولجا ئېلىپ كەلدى.

بۇ ئىشلار ئۇنىڭ بالىلىق ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس خاتىرە ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل كەپتەرلىرى كۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئوت يالقۇنى لاۋا بولۇپ تېشىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى چوڭ بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېزىلگەن خەلقنى ئازاد قىلىشتەك ئۇلۇغ سەپكە قاتناشتى.

غەم-قايغۇ، يىغا-زارە، تىل-ئاھانەت، تەن جازالار ئۇنىڭ يۈرىكىدە ساقايماس جاراھەتلەرنى قالدۇرغان ئىدى. ھازىرغىچە ئۇلارنى ئويلاشقا ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. سەھرا ئوغلىنىڭ نەزىرىدە پەقەت ئۆزىنىڭ يېزىسىدىكى باي-كەمبەغەللەرلا مەۋجۇت ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان رېئاللىق ئىدى. بەك خۇشال بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىدا بايلارنىڭ قاتتىق تاياق-توقمىقى ئاستىدا ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن رەھمەتلىك دادىسى، بايلارنىڭ ئىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىلىپ، ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن بەللىرى مۈكچەيگەن، ئورۇقلاپ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان، پۈتۈن ياشلىقىنى قۇربان قىلغان بىچارە ئاپىسى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئىچى ئاچچىق بولۇپ، كۆزلىرىدە ئاچچىق ئەلەملىك ياشلار پەيدا بولاتتى.

يەنە ئۇ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللىي بېرىشنى بىلەتتى. ئۇ بەزىدە ئۆز-ئۆزىگە: ” سەۋر قىلىپ چىداپ تۇر، ئاپا، خۇدايىم بۇيرىسا سېنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئازاد قىلىپ، دادامنىڭ ئەتىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئالىمەن! خەپ قادىر باي! سەندەك خۇمسى گويلارنىڭ ئاخىرەت كۈنۈڭ ئاز قالدى“ دەپ چىشلىرى كىرىشىپ كېتەتتى.

مانا بۈگۈن 1944-يىلى 10-ئاينىڭ 10-كۈنى سەھەر ۋاقتى ئۇچتە پارتىزانلار ئەسلىدىكى پىلانى بويىچە نىلقا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. بۈگۈن پاتىزانلار ھەرىكىتى توغرىلىق گەپ-سۆز جىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈنۈگۈن كۆۋرۈك ئۈستىدە پوستتا تۇرغان ئىككى نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا تاشلىۋېتىپ قورالىنى ئېلىپ كەتكەن خەۋەر شەھەرگە يېتىپ كەلگەنلىكتىن، ساقچى ئىدارىسى ئوقتۇرۇش قىلىپ، باشلىقلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، گومىنداڭ ھەم يەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ساقچى ئىدارىسىگە كېلىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىزانلار ھۇجۇمىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى ساقچى ئىدارىسىگە مەركەزلەشتۈردى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېتىشىپ كەتتى. پارتىزانلار ھەر تەرەپتىن مىلتىق، پىلىموت ئېتىپ، گرانات تاشلاپ دۈشمەن كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. لېكىن پوتەيدىن پىلىموت داۋاملىق توختىماي ئېتىلىپ تۇراتتى.

شۇ ئارىلىقتا سەھرا ئوغلى زىخرۇللام ئۆزۈن قوللىرى بىلەن ياندىم
تۇرۇپ گراناتنى پۇتۇن كۈچى، غەزەپ-نەپرىتى بىلەن كۆچىنىم
تۇرۇپ پوتەيگە بىر ئاتقان ئىدى، بۇ گرانات ئىدارە ئۆگزىسىدىكى
پوتەيگە چۈشۈپ پوتەي قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن پارتىلاپ
كەتتى. شۇ ھامان پىلىموت ئاۋازىمۇ ئۆچتى. پارتىزانلار:
"ھۇررا" دەپ توۋلىغىنىچە تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ناھىيە
ساقچى ئىدارىسىنى ئالدى.

ئۇنىڭ ئىچىدە تىرىك قالغانلارنى تۇتتى. ئۆلگەنلەر ھەر خىل
ھالەتلەردە ياتاتتى. شۇ ئارىلىقتا پاتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:
"دەرھال تۈرمىدە ياتقانلارنى ئازاد قىلىڭلار" دەپ ۋارقىرىدى.
پارتىزانلار دەرھاللا تۈرمىلەرنىڭ قۇلۇپلىرىنى چېقىپ نۇرغۇنلىغان
ئۇيغۇر، قازاق، رۇس — ھەر مىللەت مەھبۇسلىرىنى ئازاد قىلدى،
چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا نىلقىدا رۇس مىللىتى كۆپرەك ئورۇنلاشقان
ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇسۇبقان ئاغايىنىمۇ گومىنداڭچىلار
پارتىزان دەپ گۇمان قىلىپ قاماپ قويغان ئىدى.

تۈرمىدىن چىققان ھەر مىللەت ياشلىرى "بىز پارتىزانلار
ئەترىتىگە قاتنىشىمىز، بىزمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى
ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى يوقىتىمىز"، دەپ ۋارقىراشماقتا ئىدى.
پاتىق بۇ ياشلارنىڭ تەلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، شۇ يەردىلا
بىر تۈركۈم ياشلارنى پارتىزانلار ئەترىتىگە قوبۇل قىلدىغانلىقىنى
ئۇقتۇردى.

تۈرمىدىن چىققان ئاز ساندىكى ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىقلار
ئۇلارنى ئازاد قىلغان پارتىزانلارنى قۇچاقلاپ، ئۇلارغا رەھمەت
ئېيتىپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قېلىشتى. پاتىق ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com



خاتىرجەم ئۆيلىرىگىلارغا قايتىڭلار، دەپ قايتۇرىۋەتتى.

قالايمىقانچىلىق بېسىقىپ پارتىزانلار سەپكە تۈرغاندىن كېيىن، پاتىق تۇيۇقسىزلا پارتىزانلاردىن:

— بايا، ساقچىنىڭ ئۆگزىسىدىكى پوتەيگە گرانات ئاتقان قايسىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

كىچىك ئەترەت باشلىقى خەمىت دەرھاللا جاۋاب بېرىپ:

— مېنىڭ ئەترىتىمدىكى زىخرۇللام ئاتتى، — دەپ ۋارقىرىدى.

پارتىزانلار ھەيران قېلىشىپ زىخرۇللامغا قارىغان ئىدى. پاتىق بۇيرۇق تەلەپپۇزدا:

— بۇياققا چىق، — دەپ ۋارقىرىدى.

زىخرۇللام دەرھال پاتىقنىڭ ئالدىغا باردى. بۇ ھېلىقى سەھرا ئوغلى زىخرۇللام ئىدى. پاتىق ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى.

— ۋوي، سەن ھېلىقى تېخى قايسى كۈنىلا كەلگەن قىشلاق تاملىق يىگىت ئەمەسمۇ؟ — دەپ زىخرۇللامنىڭ قولىنى تۇتقان ئىدى، شۇ ئەسنادا بىرسى زىخرۇللامنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ:

— يارايسەن داڭگال، — دەپ بىرنەچچە قېتىم پىرقىرىتىۋېتىپ قويۇۋەتتى. زىخرۇللام ھاياجاندىن گەپ قىلالماي قالغان ئىدى. پاتىق بىلەن غېنى ئىككىسى تەڭلا:

— يارايسەن يىگىت! بۇ قېتىم خىزمەت كۆرسەتتىڭ، نۇرغۇن بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ، ئەمدى سېنى قانداق مۇكاپاتلىسام بولار، دەپ سوئال نەزىرى بىلەن زىخرۇللامغا قارىغان ئىدى، بۇ ئاق كۆڭۈل سەھرالىق دېھقان ئوغلى

دەرھاللا: "باشلىق، ماڭا مىلتىقىڭنى ئورنىغا ئاپتوما
ئالماشتۇرۇپلا بەرسىڭىز بولىدۇ" دەپ بولۇپ، ئۆزى خىجى
بولدىمۇ-قانداق: "مىلتىق بىلەن بىر دۈشمەننى يوقاتقىچە
ئاپتومات بىلەن ئون نەچچىنى يوقاتقىلى بولىدىكەن" دەپ قوشۇ
قويدى، كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۆتمۈشتىكى يىللار، ئايلار، كۈنلەر زىخرۇللامنى شۇنچىلى
تاۋلىغان ئىدىكى، ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيتتى. باشلىق بۇ گەپنى
ئاڭلاپ كۆپچىلىك بىلەن بىرگە كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن
يارايسەن ئوغلۇم، رەھمەت ساڭا، دەپ، ھاي باللار، بىر ئاپتومات
بىلەن 100 تال ئوق كەلتۈرۈڭلار! دېيىشى بىلەن، كىچىك ئەترەت
باشلىقى خەمىت بىر ئاپتومات بىلەن 100 تال ئوقنى كۆتۈرۈپ
كېلىپ باشلىققا بەردى.

پاتىق زىخرۇللامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئۈلۈ
ئارزۇ-ئارمانلىرىڭ مەڭگۈ يار بولسۇن، مانا بۇ ساڭا مۇكاپات،
بۇندىن كېيىن مەن سېنى قەھرىمان دەپ چاقىرىمەن، باشقىلارمۇ
شۇنداق چاقىرىدۇ" دېگەن ئىدى. غېنى باتۇر: "ھەي پاتىق، مەن
يەنىلا ئۇنى سەھرا ئوغلى دەپ چاقىراي بولامدۇ؟ ھەي داڭگال
سېنى باققان ئاتاڭغا رەھمەت" دەپ چاقچاق قىلدى. زىخرۇللا
ئاپتومات بىلەن ئوقنى ئېلىپ باشقىلارغا چاس بەردى.
ھاياجانلانغانلىقىدىن تىلى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى، يەنە تۇرۇپلا ب
ئىشلار راستىمدۇ دەيتتى ئۆزىگە. پارتىزانلار قاتتىق چاۋاك
چېلىشىپ ئۇنى ئاپتومات بىلەن قوشۇپ ئاسمانغا ئاتاتتى
تەرەپ-تەرەپتىن تەبرىكلەپ ۋارقىرىشاتتى.

زىخرۇللام يولداشلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ ئاندىن بۇرۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاپتومات تۇتقان يولداشلاردىن ئاپتوماتنى قانداق ئېتىش، قانداق تازىلاش دېگەنلەرنى ئالدىراپ سوراپلا كەتتى. بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، بىر قىسمى ناھىيە ساقچى ئىدارىسىدا قېلىپ، بىر قىسمى ئەترەتكە قايتىپ كەتتى.

نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئازاد بولغىنى پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىگە پۇر كەتتى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى گومىنداڭ باشلىقلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى.

نىلقا پارتىزانلىرى نىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، يېڭى قوشۇلغان ئەزالارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قورال-ياراغنى ئىشلىتىش، تازىلاش، قارىغا ئېلىشقا ئوخشاش ھەر خىل تاكتىكىلارنى مەشىق قىلىشىۋاتاتتى.

دەل شۇ مەزگىلدە مازاردا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭنىڭ بىر قىسمى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، نىلقا ناھىيىسىنى پاتىزانلار قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن نىلقىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەكبەرنىڭ پارتىزانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى.

لېكىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى كۆپ، قوراللىرىمۇ سەرخىل بولغاچقا، ئەكبەرنىڭ كىچىك ئەترىتى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي چېكىنىپ قاراسۇدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇ يەردىمۇ قاتتىق جەڭ بولدى. ئەكبەر باتۇرنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقى بىلەن پارتىزانلار دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. لېكىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئەكبەر باتۇرغا (ئاۋام خەلق ئۇلارنى باتۇر دەيتتى) ئوق تېگىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

پۈتۈن پارتىزانلار ئەترىتى ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن

ئۆلۈمدىنمۇ قورقماس قەيسەر باتۇر باشلىقىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ بىر كۈن قاتتىق ماتەم تۇتتى.

دەل شۇ پەيتتە ئىلىقىدىكى پارتىزان باشلىقلىرى غۇلجىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىدى. بۇ ئىلقا ناھىيىسىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى ئاڭلىغان غۇلجىدىكى گومىنداڭ زور بىر تۈركۈم قىسىملىرىنى ئىلقا ناھىيىسىگە يۆتكەشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، 165 ماشىنىدا تولۇق قوراللانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە ئىلقا ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ دېگەن خەۋەر ئىدى.

پارتىزانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇنداق بىر پىلان تۈزۈشتى. قارىغاندا گومىنداڭ غۇلجىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئىلقىغا يۆتكىسە غۇلجا شەھىرى قۇرۇق قالغىدەك. بىز دەل مۇشۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بارلىق پارتىزانلار بىرنەچچە ئەترەتكە بۆلۈنۈپ بىر كېچىدە تاغ يولى ئارقىلىق غۇلجىغا كىرەيلى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ قورغاس تەرەپتىن كەلسە، بىز ئىلقىدىن بېرىپ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ بىر ۋاقىتتا غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلايلى، لېكىن ئاز بىر قىسىم پارتىزانلارنى مازارنىڭ يولىنى توسۇشقا قالدۇرايلى دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. ئاندىن باشلىق پۈتۈن ئەترەتتىكى پارتىزانلارنى يىغىپ ئۇلارغا ئۇقتۇرۇش قىلدى ھەم ئۇلارغا شۇنى ئېنىق ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلا، بىز نۇرغۇن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، جاسارەت بىلەن قاتتىق ئۇرۇشىمىز. ئەمما ئادەم چىقىم بولمىسۇن، كۈچ يېتىشمەي قالسا چېكىنىپ ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالىمىز، مانا بۇ پارتىزانلار ئۇرۇشىنىڭ بىر خىل تاكتىكىسى، بۇنى ئېسىڭلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىلىڭ تۇتۇڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن 1944-يىل 11-ئاينىڭ 6-كۈنى غېنى، پاتىق، ئەكبەر ئەترىتىدىكى (سېيىت باتۇر ئەكبەر باتۇرنىڭ ئەترىتىگە مەسئۇل بولغان ئىدى) ھەممىسى بىرلىكتە غۇلجا شەھىرىگە تاغ يولى ئارقىلىق ئاتلاندى. تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن پارتىزان ئەترەتلىرى شەھەر ئەتراپىغا يىغىلىپ بولدى.

ئەمما، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ئەترىتى ئۇلگۇرۇپ كېلەلمىگەچكە، ئۇلارنى ساقلاشقا مەجبۇر بولۇشتى. ئامالسىز پارتىزانلار تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، شەھەردىن چېكىنىپ پىلىچى سايىغا بېرىپ دەم ئېلىشتى.

نويابىرنىڭ 7-كۈنى سائەت ئۈچتە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ساپ ئاپتومات بىلەن قوراللانغان بىر چوڭ ئەترەتنى باشلاپ كېلىپ ئۈچ دەرۋازا، نوۋگورت تەرەپكە يوشۇرۇندى. غېنىنىڭ ئەترىتى ئۈچ دەرۋازا ئالتە شۇئار مەھەللىسىگە يوشۇرۇندى. پارتىزانلار پىلان بويىچە ئاۋۋال ئاساسلىقى ئىككى نۇقتىغا ھۇجۇم قىلدى. بىرسى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، يەنە بىرسى دۆڭ مەھەللىدىكى دوتەي يامۇلى، ئۈچ كۈن ناھايىتى قاتتىق جەڭ بولدى. ئەڭ باشتا دوتەي يامۇلى ئېلىندى. گومىنداڭنىڭ بەزى باشلىقلىرى ھەرەمباغقا قېچىپ كىرىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سىلىڭبۇسى شۇ دوتەي يامۇلىدا تۇراتتى. زىنخرۇللام ۋىلايەتلىك ساقچىغا ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشتى. ساقچىدىكى گومىنداڭچىلار قاتتىق قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئەترىتىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى، يەنە بىرسى غۇلجىنىڭ كوچا-كوچىدىن تاياق-توقماق، ئارا-گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈپ شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ھۇررا...دەپ كەلگەن خەلق

ئامىسىنىڭ دولقۇنلۇق ئاۋازلىرى، پارتىزانلارنىڭ كۈچلۈك ئوت ئېچىشى، بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئاپتوماتلىق ئەترىتىنىڭ شىددەتلىك ئوق ياغدۇرۇشى بىلەن ئاخىرى ساقچى ئىدارىسىنى ئېلىپ، ئالدى بىلەن بىگۇناھ قامالغان خەلقنى تۈرمىدىن چىقىرىپ ئازاد قىلدى. تۈرمىدىن چىققانلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خەلق توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. تۈرمىدىن چىققانلارنىڭ ئىچىدە زىخرۇللامنىڭ پادا باققاندىكى خۇشخەۋەر يەتكۈزگەن ئاغىنىسى ئابدۇغېنىمۇ بار ئىدى.

بۇ ئىككى ئاغىنە تۇيۇقسىز بۇ يەردە ئۇچرىشىپ بىردەم كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىردىنلا ئىككىسى قۇچاقلىشىپ-پومداقلىشىپ ھەم خۇشاللىق ھەم ئازابلىق كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قېلىشتى.

زىخرۇللام دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئابدۇغېنىگە: «سېنى بۇ يەرلەردە كۆرىمەن دەپ پەقەتلا ئويلىمىغان ئىدىم، سەن قانداق بولۇپ بۇ شەھەر تۈرمىسىگە كىرىپ قالدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئابدۇغېنى يىرتىق يالاڭ كىيىملەر بىلەن سوغۇقتىن دىر-دىر تىترەپ ئاغزىلىرى گەپكە كەلمەي قالدى. زىخرۇللام يەنە: «ئاداش، تەقدىرنىڭ قانداق شاماللىرى سېنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ تاشلىدى؟» دېدى.

ئابدۇغېنى سوغۇقتىن تىترەۋاتقان ئالىقانلىرىنى بىر-بىرىگە سۈركەپ، قۇلاقلىرىنى ئۇگىلاپ تۇرۇپ: «ئاداش، دېسەم گەپ تولا، سېنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن مەنمۇ دەككە-دۈككە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈردۈم، بىر كۈنى مەھەللىگە يەنە بىرقانچە چېرىكلەر چىقىپ گەيجاڭنىڭ ئۆيىگە قادىر باي باشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



كىرىپ كەتتى. چۈنكى سەن كەتكەندىن كېيىن قادىر باي مەندىن قاتتىق گۇمان قىلىپ يۈرگەن ئىدى. ئۇ چاغدا مەن دەريا تەرەپتە قوي بېقىۋاتاتتىم. ئۇلار بىرەر سائەتتىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل مەن قوي بېقىۋاتقان يەرگە كېلىپ مېنى تۇتۇپ ئەكېلىپ قادىر باينىڭ ئامبىرىغا سولاپ قويدى ۋە مېنى قاتتىق سوراق قىلىپ، زىخرۇللام ئەسكەرلىكتىن قېچىپ قاياققا كەتتى؟ ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سەن بىلىسەن، سەن ئۇنى تېپىپ بەرسەڭ بىز سېنى قويۇپ بېرىمىز، بولمىسا سېنى شەھەرگە ئەكىرىپ تۈرمىگە سولايمىز» دەپ قاتتىق ئۇردى. مەن «ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن، زىخرۇللامنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ شەھەرگە ئەكەتكەن تۇرسا، مەن ئۇنى كۆرمىسەم، قەيەرگە كەتكەنلىكىنى قانداق بىلىمەن» دەپ تۇرۇۋالدىم. ئاخىرى ئۇلار ئەتىسى مېنى يالاپ شەھەرگە ئەكىرىپ مۇشۇ يەرگە سولاپ قويدى. ئۇلار مېنى بۇ تۈرمىدە پۈتۈمدا كىشەن، قولۇمدا كويزا، كۈندە ئۇرۇپ-دۇمبالاپ، تاماق يېيەلمەس قىلىۋەتتى. مېنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىم تاياق-تېپىك دەستىدىن جاراھەت بولۇپ كەتتى. مەن بىلمەيمەن دەپلا تۇردۇم. بۇلار مېنى تولا دۇمبالاپ ھاردىمۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ قالدىمۇ؟ ئىش قىلىپ بىرەر ئايدىن كېيىن مېنى سوراققا ئېلىپ چىقماي سولاپلا قويدى. ئەگەر سىلەر كېلىپ بىزنى ئازاد قىلمىغان بولساڭلا بىزدەك ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكى تۈرمىدىلا سېسىپ كېتەتتى. چۈنكى بۇ يەردىكىلەردىن ئاڭلىسام، تۇرغۇن ئادەملەرنى سەن پارتىزان دەپ ئۇرۇپ قىيناپ تىرىك تۇرغۇزۇپلا تۈرمىنىڭ ھاجەتخانىسىغا تاشلاپ كۆمۈۋېتىپتۇ، دەپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ زىخرۇللامىنىڭ بەدىنى قاتتىق شۈركىنىپ كەتتى. "ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھايۋانلار!" دەپ زىخرۇللامىنىڭ كۆزلىرى نەپرەت ھەم ھەسرەت ياشلىرى بىلەن نەمدەلدى.

زىخرۇللام يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: "بوپتۇ ئاداش كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ، بىراق ئۇ ئاچچىق كەچمىشلەر بىزنىڭ ئوتلۇق قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقايماس جاراھەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. سەنمۇ سالامەت تۈرمىدىن چىقتىڭ، تىنچ-ئامان دىدارلاشتۇق، بۇ بىر ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق، لېكىن بىز قولىمىزغا قورال ئېلىپ، ئاشۇ گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيلەرچە رەزىل ئۇسۇللىرى بىلەن ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىساق، ئەژدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيمىز. سەن بۈگۈن ئۆيۈڭگە يەنى قىشلاق تامغا قايتىپ، ئاتا-ئاناڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلغىن، ئاندىن سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش كېلىپ پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئېزىلگەن ئەللەرنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن قولۇڭغا قورال ئېلىپ بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن" دەپ ئابدۇغېنىنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى.

ئابدۇغېنى: "بولىدۇ ئاداش، بىز باشتىلا مۇشۇ پىلاننى تەڭ تۈزۈشكەن، ئىككىمىز پارتىزانلارنى ئىزدەپ تەڭ قاچماقچى بولغان ئىدۇق. مەن ئەمدى بۇ ئۈمىد يولىنى تاپقان ئىكەنمەن، سېنىڭدىن ئايرىلمايمەن ئاداش، مېنىمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا سېپىڭگە قوشۇۋالغىن، ئاتا-ئانىمىز بىلەن ئامانلا بولساق بىر كۈن كۆرۈشەرمىز، سەنمۇ يالغۇز ئاناڭغا چىداپ، مۇشۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىشقا بەلباغلاپ، ئاخىر قولۇڭغا قورال ئاپسەن، مەنمۇ ئۆزۈمدەك ئېزىلگەن، خارلانغان قېرىنداشلىرىمنى ئازاد قىلىش يولىغا ئۆزۈمنى ئاتالىغاچان ئاتاپ قويغان" دەپ كەتكىلى ئۇنىمىغاچقا، ئاخىرى زىخرۇللام ئۆز ئەترىتىگە تونۇشتۇرۇپ ئېلىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن زىخرۇللام ئۆز ئەترىتىدىكى پارتىزانلار بىلەن «لياڭشاڭ» بۆتخانىسىنى ئېلىشقا قاتناشتى. زىخرۇللام ئاپتوماتنى تۇتۇپ ئەترەتنىڭ ئالدىدا يۈرۈگىلار يولداشلار بۆتخانا ئىچىدىكى ئادەم قېلىپىدىن چىققان مەلئۇنلارنى يوقىتايلى دەپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىر نەچچە پاي دۈشمەن ئوقى زىخرۇللامنىڭ پۇتىنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بارلىق كۈچى، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن بۆتخانىغا قارىتىپ ئوق ياغدۇراتتى، بىر تەرەپتىن تېزلىك بىلەن گرانات تاشلايتتى.

زىخرۇللامنىڭ ئارقىسىدىكى پارتىزانلارمۇ يۈگۈرۈپ كېلىشىپ ئاپتوماتلىرىنى بۆتخانىغا قارىتىپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. يەنە بىر ياقتىن گراناتمۇ تاشلايتتى. ئاخىرى بۆتخانا ئىچىدىكى گومىنداڭچىلار بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ھايات قالغانلىرى چېكىنىپ قېچىپ بايكۆل ئارقىلىق ھەرەمباغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئەترەتتىكىلەر قىقاس سۈرەن سېلىپ ھۇررا دېگەن كۈچلۈك سادا بىلەن لياڭشاڭ بۆتخانىسىنى ئالدى. شۇ چاغدا زىخرۇللام ئىسسىق بىر نەرسىنىڭ پۇتىغا تەگكەنلىكىنى سېزىپ پۇتىنى تۇتقان ئىدى، ئىشتىنىدىكى قان قولىغا چىقتى. ئاڭغىچە سېستىرا كېلىپ ئۇستىخان ساقكەن دەپ يارىسىنى تېڭىپ قويدى. زىخرۇللام پۈتۈن

ۋۇجۇدى بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتكەچكە، پۈتىنىڭ قانىغىنىنىمۇ ۋە ئاغرىغىنىنىمۇ سەزمىگەن ئىدى. زىخرۇللامىنىڭ لياڭشاڭ بۇتخانىسى ئېلىش جەريانىدىكى ئۈلۈمدىن قورقماس چوڭ قەھرىمانلىقى بارلىق پارتىزانلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلارغا ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ قۇۋۋەت، جاسارەت، پولاتتەك تەۋرەنمەس ئىرادە ئاتا قىلغان ئىدى.

پارتىزانلار بەس-بەس بىلەن كېلىپ زىخرۇللامىنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقىنى، قورقماس باتۇرلۇقىنى تەبرىكلەشتى ھەم بىزگىمۇ، قورقماس كۈچ تەۋرەنمەس ئىرادە ئاتا قىلدىڭىز دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن لياڭشاڭ بۇتخانىسى گومىنداڭچىلاردىن تازىلىنىپ، پارتىزانلار بۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگىلىدى. زىخرۇللامىنىڭ قەھرىمانلىقى ھەم كۆرسەتكەن خىزمىتى، ياراتقان تۆھپىسىنى ئاڭلىغان پاتىق باتۇر يارايسەن قەھرىمان، خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانى، ساڭا خۇدايىم بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، سەھرا ئوغلى دەپ ئۆز كانۋىيىدىن بىر پارچە خەت بىلەن بىرنەچچە قاپ تاماكا ئەۋەتىپ زىخرۇللامنى تەبرىكلىدى. كەينىدىن كانۋىيىغا: "سەن قەھرىمانغا يەتكۈزۈپ قويغىن، ھازىرچە مۇكاپات ئاز بولۇپ قالدى. ئۇرۇشتىن كېيىن «ئۇرۇش قەھرىمانى» دىگەن ئورۇننى ئۇ سەھرا ئوغلىنىڭ مەيدىسىگە ئۆز قولۇم بىلەن تاقاپ قويىمەن" دېدى.

خەتنى ئوقۇپ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان زىخرۇللام ئاجايىپ قاتتىق تەسىرلەندى، بۇ تەبرىك سۆزى ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور كۈچ ئاتا قىلدى.

زىخرۇللامىنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش كەلدى، بۇ خۇشاللىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھەم ھاياجان يېشى ئىدى. بىراق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: ”باشلىققا كۆپ رەھمەت، مەن باشلىقنىڭ ئۈمىدىنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئاقلايمەن“ دېدى.

بۇ مەزگىللەردە دەل غۇلجىنىڭ ئەڭ سوغۇق قىشىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋاقىتلىرى ئىدى. بۇ يىل غۇلجىدا سوغۇق ئىنتايىن قاتتىق بولۇۋاتاتتى. پارتىزانلارنىڭ پۇتىدا پىيما، ئۈستىدە كالتە جۇۋا، باشلىرىدا تېرە قولاقچا بولسىمۇ، ئاچچىق سوغۇق جانىدىن ئۆتەتتى. قارنىڭ قېلىن بولۇشىغا قارىماي ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھوردا قاش كىرپىكلەرگە ئاپئاق قىرو باغلاپ، تۆكۈرگەن تۈكۈرۈك يەرگە چۈشكىچە مۇز بولۇپ توڭلاپ قالاتتى. يەر غاچ-غاچ قار، لېكىن تەبىئەتنىڭ كارامەتلىرى بولغان مۇنداق ئىت قاتىرايدىغان سوغۇقلارمۇ پارتىزانلارنىڭ يۈكسەك جاسارىتىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

پارتىزانلار سېپى كۈندىن-كۈنگە زورىيىپ، ئىرادىسى مۇستەھكەملىنىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غۇلجا شەھەر خەلقى، يېزا-يېزىلاردىن مۇشۇ قاتتىق سوغۇقلارغا پىسەنت قىلماي كەلگەن خەلق توپى ھەربىر كوچىلاردا ئادەم دېڭىزىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. ئاۋام خەلق قولىدا تاياق-توقماق، قىقاس چۇقان ھۇررا... ئاۋازلىرى بىلەن پارتىزانلارغا روھى جەھەتتىن ئاجايىپ چوڭ مەدەت بېرىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن لياڭشاڭ ئېلىنىپ ئاز ئۆتمەي ھەرەمباغ، ئايرودروم شۇنىڭدەك پۈتۈن غۇلجا شەھىرى ئازاد بولدى.

1945-يىلى 2-ئايغا كەلگەندە، بارلىق پارتىزانلارغا: 35 ياشتىن تۆۋەن پارتىزانلار مۇنتىزىم ئارمىيە جەڭچىسى بولۇپ

ئالدىنقى سەپكە ئورۇشقا بارىدۇ، دەپ ئوقتۇرۇش قىلىندى.

پارتىزانلاردىن زىخرۇللام بىرىنچى بولۇپ مەن ئالدىنقى سەپكە بارىمەن دەپ ئالدىغا چىقتى. ئابدۇغېنى مەنمۇ ئالدىنقى سەپكە بارىمەن دەپ ئالدىغا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ياشلارمۇ بىزمۇ ئالدىنقى سەپكە بارىمىز دەپ بەس-بەس بىلەن ئالدىغا چىقتى. بۇلارغا رەسمىي ئانكىت تارقىتىپ، يېشى، جىنسىي، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، يۇرتى قاتارلىقلار ئانكىتقا توشقۇزۇلۇپ، ئۇلار رەسمىي يوسۇندا مۇنتىزىم ئارمىيىگە قوبۇل قىلىندى.

1945-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان كۈنى بۇلارغا مىللىي ئارمىيە فورما كىيىمى تارقىتىپ بېرىلدى. ئۇلارنى ھەربىر پولكلارغا بۆلۈۋەتتى. زىخرۇللام لياڭشاڭ بوتخانىسىغا سەپداشلىرى بىلەن بىرگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇتخانا ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ھەرەمباغقا قوغلاپ لياڭشاڭنى ئازاد قىلىشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن رەھبەرلىكتىن قىسىم ئالدىدا تەقدىرلەندى.

كېيىن زىخرۇللام غۇلجا 4-پولكىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ قىسىمدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ھەربىي ئىنتىزامدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئوبدان ئۆگەندى ھەم تەربىيىلەندى. 1945-يىلى 5-ئاينىڭ بېشىدا، پولك ئالدىنقى سەپكە بارىدۇ دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، زىخرۇللام 1-باتالىئون 1-روتىدا بەنجاڭ بولدى.

زىخرۇللام بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، ھەربىي ئىنتىزام، ھەربىي تەلىم، ئۇرۇش قىلىش تاكتىكا تەربىيىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پۇختا ئىدى. ئازراقلا بوش ۋاقتى بولسا خەنچىلەر ئارىسىغا بېرىپ ئۆگىنەتتى. ئالدى بىلەن دۈشمەن ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەش، ئاندىن يەر شارائىتىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك، دەپ جەڭچىلەرگە تەربىيە بېرەتتى. ئەڭ مۇھىمى ۋاقتىدا قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك. مىسالى سائەت بەشتە ھۇجۇمغا ئۆتىمىز دېگەن بولساق، دەل ۋاقتىدا ھەرىكەت قىلىش، ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋاقىتقا رىئايە قىلمىش غەلىبە دېمەكتۇر. تاكتىكىغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، چۈنكى ئەلمىساقتىن تا ھازىرغىچە ئۇرۇش دېگەننىڭ "توققۇزى رەڭ بىرسى جەڭ" دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەنە شۇ توققۇز رەڭنىڭ ئۆزى تاكتىكىدۇر، ئەگەر تاكتىكا جايىدا بولسا، ئاز ئادەم بىلەن كۆپ دۈشمەننى يوقاتقىلى بولىدۇ. قارىمامسىلەر، غۇلجا شەھىرىدىكى لياڭشاڭ بۇتخانا، ھەرەمباغ، ئايرودروملارنى ئېلىشتا بىزنىڭ پارتىزانلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى تەجرىبىسىز ئىدى، قوراللىرىمىز خىل ئەمەس، كونا مىلتىقلار ئىدى، بىر تەرەپتىن قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقى جاندىن ئۆتۈۋاتقان، كىيىم-كېچەكلەر يالاڭ شارائىتتا بىر تەرەپتىن غۇلجا شەھەر خەلقى، بىر تەرەپتىن سەھرا-سەھرالاردىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ تاياق-توقماق كۆتۈرۈپ كوچا، كوچىلاردا ياڭراتقان قىقاس-سۈرەن، ھۇررا سادالىرى بىلەن شۇنچە دۈشمەننى يوقىتالىدۇق، غەلىبە قىلدۇق، بۇ رېئاللىقنى ھېچقايسىڭلار مەڭگۈ ئۇنتۇمايسىلەر ئەلۋەتتە، دەپ جەڭچىلەرنىڭ يادىغا ھەرۋاقىت سېلىپ تۇراتتى ھەم تەكىتلەپ ئۇرۇشتا ئۆزىنى قوغداشنىمۇ بىلىش كېرەك دەيتتى.

ئۇ يەنە: "بىزنىڭ ئۆتكەنكى ئۇرۇشلىرىمىز پارتىزانلىق ئۇرۇشلار ئىدى، ئۇرۇشتا يەكسەك ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭىلسەك

چىكىنىپ كېتىمىز. ئەمدى ھازىر مۇنتىزىم قوشۇن بولدۇق. ئالدىمىزدا گومىنداڭغا قارشى مۇنتىزىم ئۇرۇش بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. بىز پىيادە، ئىسسىقتا ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، شىخو، جىڭ ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، بىزنىڭ خەلقىمىزنى ئەزگەن، ئۆلتۈرگەن، بۇلاپ-تالىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز. چۈنكى، بىز ئۆزىمىزنى، بارلىقىمىزنى ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇرۇشلاردا قان تۆكۈپ ئۆلسەكمۇ كۆزىمىز ئوچۇق قالمايدۇ. خاتىرجەم ۋە بەختلىك ئۆلىمىز" دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جەڭچىلەرنىڭ روھى-كەيپىياتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كۈچكە-كۈچ قوشۇلغاندەك بولدى.

بۇلار مۇشۇنداق تەربىيىگە خاس روھ بىلەن بىرنەچچە كۈن پىيادە مېڭىپ كەڭسايىنىڭ بېشى سومپۇتوزىغا كەلدى. بۇ يەردە زىخرۇللامىنىڭ ئالدىدا ماڭغان قىسىم سومپۇتوزىغا كەلگەندە، سومپۇتوزىدىكى دۈشمەننىڭ بىر بەن ئەسكىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان، دۈشمەن سەنتەيگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. زىخرۇللا سومپۇتوزىدا ئۈچ كۈن دەم ئالدى. چۈنكى بۇ 6-ئاينىڭ ئاخىرى بولغاچقا كۈن ئىنتايىن ئىسسىق، پىيادە بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىچە جەڭچىلەر قاتتىق چارچىغان ئىدى. بىرىنچى كۈنى يېتىپلا كۆپچىلىك قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر زىخرۇللامىنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. زىخرۇللام غۇلجىدا سەپەرگە چىقىش ئالدىدا رەھبەرلىكتىن ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ ئىسلاميۇزىدىكى ئانىسىنىڭ يېنىغا بارغان ئىدى. ئەنە شۇ چاغدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەھۋاللار بىر-بىرلەپ خىيالىدىن كەچتى... نەچچە ئاي كۆرمىگەنگە ئانىسىنى تونۇيالماي قالغىلى تاسلا قالدى، بىچارە گۈلزىرىخاننىڭ چاچلىرىغا ئاق كىرىپ قېرىپلا كەتكەن ئىدى. چۈنكى بالىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھەر خىل ئەپقاچتى گەپلەر ئانىنىڭ يۈرىكىنى لەختە-لەختە قان قىلىۋەتكەن ئىدى. بەزىلەر زىخرۇللام ئەسكەرلىكتىن قېچىپ تاغلارغا چىقىپ پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ دېسە، بەزىلەر زىخرۇللامنى قاچقاندا تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئۇرۇپ، ئېتىۋېتىپتۇ دەيتتى.

بالىسىنى تولا ئويلاپ راستىنلا ئۆلۈپ قالغانمىدۇ دەپ ئۆزىنى تۇتالماي قوشاقلارنى قوشۇپ يىغلاپ كېتەتتى، تۇرۇپلا بىر كۈن-بىر كۈن گەپ سۆزمۇ قىلماي بىر نۇقتىغا قاراپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ئىدى. بالىدىن بىرەر خەۋەر يوق، بىچارە يالغۇز ئانىنىڭ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەيتتى. كېچە-كۈندۈز ئاللاغا نالە قىلىپ قان-قان يىغلايتتى.

...بۇ دەل غۇلجا ئازاد بوپتۇ دېگەن ۋاقىتلار ئىدى. بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر گۈلزىرىخاننىڭ يۈرىكى ئېغىپ تۇراتتى. كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق، ئەتىگەنلىك چايمۇ ئىچكۈسى كەلمەي كوچىغا چىقىپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا مۆڭلىنىپ ئولتۇراتتى.

ئۇ تۈنۈگۈن چۈشىدە زىخرۇللامنى كەپتۇ دەپ كۆرگەن ئىدى. گۈلزىرىخان بالىنى باغرىغا بېسىپ قاتتىق يىغلاپ ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى. تۇرۇپلا يىغا دېگەن خۇشاللىق دەيدىكەن، دەپ ئۆزىگە-ئۆزى تەسەللى بەرسىمۇ يۈرىكىنىڭ تۇيۇقسىز ئەنسىز ئېغىشى ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى.

...شۇنداق قىلىپ تۈنۈگۈنكى كۆرگەن چۈشىنىڭ

ئىسكەنجىسىدە ئىشىك ئالدىدا قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلمىدى. تۇيۇقسىز يان كوچىدىن بىر ئاتلىق ئەسكەر ئۇدۇللاپ كېلىۋاتاتتى. ئۆيگە يېقىنراق كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ گۈلزىرىخاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. بىردەم گۈلزىرىخاننىڭ يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولۇپ ئاندىن ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

گۈلزىرىخان نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. خۇددى ئاخشامقى چۈشىنىڭ داۋامىنى كۆرۈۋاتقاندەك بالىغا قاراپ قېتىپلا قالغان ئىدى. ئاپا دېگەن بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ زىخرۇللام ئېتىلىپ كېلىپ ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. گۈلزىرىخان قاتتىق ھاياجاندا ھوشىدىن كەتتى. "جېنىم ئاپا كۆزۈڭنى ئاچ، مەن بالاڭ زىخرۇللام" دېگەن ئوتلۇق ندا قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

ئاڭغىچە ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ ئۆيدىكىلەر تالاغا چىقىپ ئىشىك ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىگە قاراپ قېتىشىپلا قالدى... زىخرۇللام ئانىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ چايخانىدا ياتقۇزدى. شۇ ئارىلىقتا 60 ياشلاردىن ئاشقان بىر ئايال بىر سىركايدا سوغ سۇ ئەكىلىپ گۈلزىرىخانغا چاچقان ئىدى، گۈلزىرىخان كۆزىنى ئېچىپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ ئاندىن بالىسىنى قۇچاقلاپ، شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق يىغلاپ كەتتىكى ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلدى.

زىخرۇللاممۇ ئانىسىنى باغرىغا بېسىپ شۇنداق قاتتىق يىغلاپ كەتتى، ئانا-بالا بىر ئۆمۈر تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئۈچۈن يىغلىشىۋاتاتتى. يورۇق دۇنيادا ئېرىشكەن ئازادلىقى ئۈچۈن يىغلىشىۋاتاتتى. كۆپچىلىكنىڭ سەۋرى قىلىڭلار ساق-سالامەت كۆرۈشكەندىكىن بۇ ئىنتايىن چوڭ خۇشاللىق دېگەن تەسەللىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن ئانا بالا يىغىدىن توختاشتى. ئانا بىر تال كۆزىنىڭ گۆھىرىگە قاراپ تويمايتتى. بالىمۇ شۇنداق...

ئاڭغىچە كۆپچىلىك بولدى ئەمدى سەۋرى قىلىڭلار ھېرىپ-ئېچىپ شەھەردىن چىققاندا مۇنۇ بالا كىچىككىنە ئۇسسۇزلۇق ئىچسۇن، جوزىغا كېلەيلى، دېيىشتى. كۆپچىلىك داستىخانغا كەلدى. لېكىن ئۇلار زىخرۇللامدىن گەپ سوراپ سوئال دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى. بەزىلىرى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى سوراشسا، بەزىلىرى توۋا خۇدايىم بۇ بالىنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەجەل تۇشمىسا بىكار گەپ ئىكەن، مانا سالامەت كۆرۈشتۇق دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشاتتى.

داستىخانغا بىردەمدىلا ئوخشىغان نان-توقاچ، قايماقتا ئوخشىتىپ ئەتكەن چاي كەلتۈرۈلدى، سەھرانىڭ چۆەر خوتۇنلىرىنىڭ قولدىن بىردەمدىلا تەييار بولغان ھورلۇق نان، قايماقتا پىياز چېپىپ پۇشارغان تۇخۇم پوشكال قاتارلىقلارنى قوشنا ئاياللار بىردەمدە ئېلىپ چىققان ئىدى.

مەھەللىنىڭ ئۇششاق بالىلىرى زىخرۇللامنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە ھەيران بولۇشۇپ قاراپ قېلىشقان ئىدى. مۇشۇنداق بىر قىزغىن قايناق-تاشقىنلىق ئىچىدە زىخرۇللام كۆپچىلىك بىلەن چاينى ئىچىپ دۇئادىن كېيىن پۈتۈن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئانىسىنى ئېلىپ قىشلاق تامدىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا مەھەللىدىكى چوڭ-كىچىك قولۇم-قوشنىلار يۇگۈرۈشۈپ كىرىپ، بۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىشتى. بەزى قولۇم-قوشنىلار گۈلزىرىخان بىلەن يىغلىشىپ قۇچاقلىشىپ

كۆرۈشتى. شۇ ئارىلىقتا مەھەللىدىكى قىزلار يۈگۈرۈشۈپ كىرىشىپ ئۆيلەرنى قېقىپ-تازىلاپ، توپا بېسىپ كەتكەن قازان-قومۇچلارنى پاكىز يۇيۇپ سۈرتۈپ، ئورۇن-كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا سېلىشتى. ياشلار ئۇ ئىشلارنى قىلغىچە گۈلزىرىخان بىلەن زىخرۇللامنى قوشنىسى ئامىنىخان ھەدە ئۆيگە باشلاپ داستىخان سېلىپ تاماق تەييارلىدى. بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىدىكى قېرى-ياش ھەممىسى ئامىنىخان ھەدىنىڭ قورۇسىغا يىغىلىپ، خۇددى بىر بايرام تاشقىنلىقىغا چۆمۈپ كېتىشتى.

ئاڭغىچە چوڭلار، زىخرۇللامغا: "ۋاي بالام، ئاڭلىساق سەن ئۇ خۇمسىلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، غۇلجىنى ئازاد قىلىشقا قاتنىشىپسەن راستمۇ؟" دەپ سورىشاتتى. زىخرۇللامنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن "توۋا كىچىككىنىدىلا ئادەمگە بوزەك بولمايتتىڭ، ئېسىڭدىمۇ ھېلىقى چېرىكنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىپ نەچچە كۈن توقايلىقتا تۈنىگىنىڭ؟" دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ بەس-بەس بىلەن كۈلۈشەتتى.

زىخرۇللامۇ تاماق پىشقىچە ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، مەھەللىدىكىلەرگە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى، ئورۇشنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. مەھەللىدىكىلەر ھەيران قېلىشتى. "ۋاي بالام، —دېدى ئابدۇغېنىنىڭ دادىسى سۆز باشلاپ، —سېنىڭ ئايرودرومدىن قېچىپ كەتكەن خەۋرىڭ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەھەردىن بىرقانچە چېرىكلەر چىقتى. مۇنۇ قادىر باي دېگەن خۇمسى يالاقچىلىرى بىلەن بىللە كېلىپ يېزىدا ئۆي قويماي ئاختۇرۇپ، سېنى تاپالمىغاندىن كېيىن ھەممىنى ئابدۇغېنى بىلىدۇ، دېگەن گۇماننى قادىر باي چېرىكلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يەتكۈزۈپ قويغان ئىكەن، بىزنى چىقىرىپ قويۇپ ئابدۇغېنىنى تۇتۇپ كەتتى. بىر كۆزىمىز قان، بىر كۆزىمىز ياش، بۇ كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۇق. ئابدۇغېنى بالام باشلىقىدىن رۇخسەت سوراپ كەلگەن ئىكەن، ئابدۇغېنى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندە، كۆزلىرىمىزگە ئىشەنمەيلا قالدۇق. ئابدۇغېنىنى سولاقتىن سەن ئازاد قىلىپسەن. سەن لياڭشاڭ، ھەرەمباغ ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ باتۇر بوپسەن. سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭنى، ساق-سالامەتلىكىڭنى ئابدۇغېنى دەپ كەلسە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەيلا قالدۇق. ئابدۇغېنى ئىككى كۈن تۇرۇپ، بارلىق تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆز قىسمىغا قايتىپ كەتتى. "ھەي زىخرۇل، قارا سېنى، باشلىق بولۇپ كەتتىڭمۇ نېمە؟ مۈرەڭگە تاقىۋالغان پاگونلارنى باشلىقلار تاقايدىغۇ؟" دەپ زىخرۇللامنىڭ ئۈستى-باشلىرىنى سىلاپ، پاگونلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ بېقىشتى. "سېنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قەھرىمان بولغىنىڭنى ئاڭلاپ قادىر باي دېگەن خومسى پۈتى كۈيگەن توخۇدەك تىپىرلاپلا قالدى دېگىنە، ھازىر ماڭقا ئوغلى بىلەن ئىككىسى كۈرۈك توخۇدەك ئۆيدىن تالاغا چىقالمايلا قالدى. قادىرباي ھەتتا نامازغىمۇ قورقۇپ كىرەلمەيدۇ" دېيىشتى.

يەنە ئۇ "ھېلىقى زىخۇللام دېگەن كەلسە دادىسىنىڭ ئەتتىنى مېنىڭدىن ئالىدۇ، دەپ يۈرگىنىدەك تېخى" دېدى يەنە بىر بوۋاي گەپكە قوشۇلۇپ. زىخرۇللام كۈلۈپ قويدى ۋە :"ئالدىرىمىسۇن تېخى، مەن ئۇرۇشتىن ساق-سالامەت قايتىپ كەلسەم ئۇ ھېسابلارنى بىردىن-بىردىن ئالىمەن تېخى" دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

ئۇنىڭغىچە جوزا قويۇلۇپ يازنىڭ ئوخشىغان لەگمەنلىرى تەخسە-تەخسىلەردە جوزىغا كەلدى. زىخرۇللام ئۆزۈندىن بۇيان ئۆي

تامىقى يېمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى تەخسە لەگمەننى ئىشتىها بىلەن يەۋەتتى.

تاماقتىن كېيىن زىخرۇللام: "چوڭلار دۇئا قىلىپ بېرىڭلار، كەچمۇ كىرىپ خۇپتەن بولاي دەپتۇ. بىز ئاپام بىلەن ئۆيگە چىقىپ ياتايلى، مەن ئەتە ئاپامنىڭ ئوزۇق تولۇكىنى غەملەپ بېرىپ قايتىپ كەتمىسەم بولمايدۇ" دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

كۆپچىلىك: "بوپتۇ، ئاپاڭ بىلەن مۇڭدىشىپ دەم ئالغىن بالام" دەپ دۇئا قىلىپ تۇرۇشتى. زىخرۇللام ئاپىسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە مۇڭدىشىپ يېتىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە بۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز-كۆزلىرىنى يۇيغىچە قوشنىلار ئەتىگەنلىك ناشتىغا تەكلىپ قىلىشتى.

ئانا-بالا ئىككەيلەن قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە چېيىنى ئىچىشىپ بولغاندىن كېيىن زىخرۇللام يېزىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئاپىسىغا چاي، ئۇن، گۈرۈچ، ماي، ئازراق ناۋاتلارنى ئېلىپ كەلدى. چۈشتە يەنە قوشنىلار گۈلزىرىخانغا قازان ئاسقۇزمىدى. سەھرا دېگەننىڭ قوينى كەڭ، ئادەملىرى مېھماندوست، قورسىقى كەڭ خەقلەر. دېھقان دېگەن بىرپارچە ناننى تەڭ يەيدىغان خەقلەر، ئانا-بالا يەنە كۆپچىلىك قوشنىلار بىلەن ئۇخشىغان چۆچۈرىنى ئىچىشتى، زىخرۇللام دۇئادىن كېيىن: "قوشنىلار ھەممىڭلارغا رەھمەت بىزنى بەك كۈتۈپ كەتتىڭلار، مەن ھەممىڭلارغا چىن يۈرىكىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، ئەمدى ئاپامنى يەنە سىلەرگە تاپشۇرىمەن، مەن هازىر قايتىپ كېتىمەن، ئەتە بىز ئالدىنقى سەپكە ئۇرۇشقا ماڭىمىز. مەن كەلگىچە ئاپامنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويارسىلەر" دەپ كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتىپ ئاپىسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



خوشلىشىپ يولغا چىقتى...

زىخرۇللامنىڭ خىياللىرى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىرسى تالاغا چىقىمەن دەپ پۇتلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئاندىن زىخرۇللام خىيالدىن ئويغاندى. بۇ دەل يېرىم كېچە بولۇپ، پوست ئالمىشىشقا ماڭغان جەڭچى ئۇنىڭغا پۇتلاشقان ئىدى. زىخرۇللام شۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى زىخرۇللام ئۇيقۇدىن ئويغىنىشىغا ئەتىگەنلىك سىگنال چېلىندى. زىخرۇللام ئالمان-تالمان تالاغا چىقىپ سايرامنىڭ ھاۋاسىدىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئاندىن سايغا چۈشۈپ يۈز-كۆزلىرىنى يۇيدى. تازا بىر كېرىلىۋېلىپ، ياپيېشىل قارىغايلىق ئېگىز چوققىلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرۇپ كەتتى. تاغنىڭ ئاستىدا ئىلاندەك تولغىنىپ تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ ھەيۋەت بىلەن ئېقىۋاتقان كۆپكۆك سۈزۈك تاغ سۈيى سۈرلۈك نەرە تارتاتتى، ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپىدە سۇغا چىلىشىپ تۇرغان مەجنۇن تاللار، قۇچاق يەتكۈسىز يوغان تاغ تېرەكلىرى، قىيىنلار سۇغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئاڭغىچە تاماققا سىگنال چېلىندى، زىخرۇللام جەڭچىلەر بىلەن ئەتىگەنلىك دالا تامىقىنى يېدى.

تاماقتىن كېيىن جەڭچىلەر ئادەت بويىچە 3-2 سائەت مەشىق قىلىشتى، بۇ مەشىقنىڭ تۈرىگە تاققا يامىشىپ چىقىش، تاغدىن سىيرىلىپ يۈرۈش، تېرەكلەرگە ئېسىلىپ چىقىپ چۈشۈشكە ئوخشاش مەزمۇنلار قوشۇلغان ئىدى.

چۈشتىن كېيىن كۈن ئىسسىق بولغاچقا مەشىق ئىككى سائەتلا ئېلىپ بېرىلاتتى. مەشىقتىن كېيىن جەڭچىلەر كەڭ سايىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلانغاچ مۇزدەك ھەم زۇمرەتتەك

سۈزۈك تاغ سۈيى بىلەن يۇيۇنىشاتتى، بىر-بىرىگە سۇ چېچىشىپ قوغلىشىپ ئويناياتتى. يۇيۇنۇپ بولۇپ زىخرۇللام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاغنى تاماشا قىلدى. ”نېمە دېگەن چىرايلىق تاغلار بۇ؟ قارىغايلارچۇ تېخى، بىر-بىرى بىلەن بوي تالىشىپ، پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىرىدەك تىزلىشىپ تۇرغىنىنى“ دەپ پىچىرلايتتى. تاغ باغرىدىكى چۆپلەر، رەڭ تالىشىپ ئېچىلىپ كەتكەن ھەر خىل ھەر ياڭزا تاغ گۈللىرى، يىراقتىكى ئاچىنىڭ ئاغزىدا رۇسلارنىڭ بال چېلەكلىرىمۇ تۇراتتى. گۈلدىنمۇ چىرايلىق كېپىنەكلەر گۈلدىن-گۈلگە قوغلىشىپ يۈرەتتى، يايلاقتائوتلاپ يۈرگەن يىلقىلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى تايچاق ئۇياق-بۇياققا قىيغىتىپ تويتىن ئايرىلىپ پەسكە چۈشۈپ سۇ ئىچكەچ زىخرۇللامغا قارىشىپلا قېلىشتى. بۇ تايچاقلار زىخرۇللامغا قىشلاق تامدا ئېلى دەرياسىدا ئاتلارنىڭ، كالىلارنىڭ قويرۇقىغا ئېسىلىپ قىرغاقتىن-قىرغاققا ئېقىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىنى ئەسلىتىپ قويدى. بۇ چاغدا تاماققا سىگنال چېلىندى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن جەڭچىلەر زىخرۇللامنى ئوتتۇرىغا ئېلىشۋېلىپ پاشىدىن قېچىپ سۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە: ”ئەسكەر بولۇشتىن ئاۋۋال بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىشلار ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىكەن، بىزگە ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن سۆزلەپ بەرسىڭىز“ دەپ تۇرىۋېلىشتى.

زىخرۇللام جەڭچىلەرگە: ”مەن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى ئەتە كەچتە ئورۇنداپ بېرەي، ئاخشام ياخشى ئۇخلىيالماي چارچاپ قاپتىمەن“ دەپ چېدىرغا ئۇخلاش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. كەينىدىن جەڭچىلەرمۇ كىرىپ ھەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا دەم ئېلىشتى.

ئەتىسى كەچتە زىخرۇللام تاماقتىن كېيىن ۋەدىسىگە ئەمەل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار، تۇغۇلۇپ ئېسىنى بىلگەندىن كېيىن تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنى، دادىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى، زىخرۇللامنىڭ باينىڭ مېلىنى باقمەن دەپ ئاڭلىغان ئاھانەتلىرىنى، يېگەن تاياقلىرىنى، ھاقارەتلىك خورلىنىشلىرىنى، يېتىم ئوغلاق، گادايدەپ كەمسىتىلىشلىرىنى، قىش-ياز سامانلىقتا يېتىپ، قىشتا ئۇستىگە ياپىدىغان پالازمۇ يوق مۈزلاپ تىترەپ ئۇخلىماي تاڭنى ئاتقۇزغانلىرىنى، ئاپىسىنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى، ۋاقىتسىز ئاقارغان چاچلىرىنى، 40 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئېغىر ئەمگەك، تىل-ھاقارەت، ھەسرەت-نادامەت دەستىدىن بەللىرىنىڭ مۈكچىيىپ، ئورۇقلاپ، قېرىپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، بەزى جەڭچىلەر قاتتىق تەسىرلىنىپ يىغلىشىپ كەتتى. ئۆتمۈشنى بولۇپمۇ ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلىك تۇرمۇشنى سۆزلەش ئادەمنى شۇ كۈنلەرنى يەنە باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

زىخرۇللامنىڭمۇ سۆزلەۋېتىپ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ، كۆزلىرىدە ئىسسىق ياشلار ئەگىمەكتە ئىدى. بەزى جەڭچىلەر ئۆز غەزەپلىرىنى باسالماي: "قادىربايدەك خۇمسىلارنى دارغا ئېسىپ، كالتەكلەپ قىيناپ ئۆلتۈرۈش كېرەك" دەپ سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. زىخرۇللام ئاخىرى ھېكايىسىنى تۈگىتىپ ئاسمانغا قاراپ قويۇپ: "ۋوي باللار ياتايلى، چولپان يۇلتۇز چىققىچە ئولتۇرۇپتۇق، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپتۇ. قادىربايدەك قوي تېرىسىگە ئورۇلۇۋالغان بۆرىلەر ھەربىر يېزىدا بار. بەلكىم بەزىلەرنىڭ سەزگۈرەشتىسى مېنىڭكىدىنمۇ ئېچىنىشلىق

بولۇشى مۇمكىن، ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئۇلاردىن چوقۇم ئىنتىقام ئالىمىز» دەپ ئورنىدىن تۇردى.

زىخرۇللام چېدىرغا ماڭغاندا، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ئاڭلىغان جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى: «زىخرۇللام، سىز ھەقىقەتەن قەھرىمان ئىكەنسىز، بىز چوقۇم سىزنىڭ ئىنقىلابىي روھىڭىزدىن ئۆگىنىپ، سۇناس ئىرادىڭىزگە ۋارىسلىق قىلىپ، سىز باشلامچىلىق قىلغان جەڭلەردە قورقماستىن كۆكرەك كىرىپ چۈشۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ قويماي يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز!» دەپ ۋارقىراشتى.

قىسىم سومپوتوزدا ئۈچ كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، يەنە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. سەنتەيدىكى دۈشمەنلەر بۇلارنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ۋاي ئىلىدىن مىللىي ئارمىيە كېلىۋېتىپتۇ دەپ ئالدىراپ سەنتەي، ئۈتەيلەرگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. سەنتەيگە بارغاندىن كېيىن زىخرۇللام كوماندىر باتالىئونغا: «بىز سەنتەي، ئۈتەيدىكى دۈشمەنلەرگە قورقىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنايلى، ھازىر بىزنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئىككى چوڭ ماشىنىمىز بار. كەچرەك ئالدىمىزدىكى دۆڭگە چىقساق سەنتەي كۆرۈنىدۇ، كېچىدە ماشىنىلارنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ قويۇپ ئىككى ماشىنا بىزنىڭ كەينىمىزدىن بىردە دۆڭگە چىقىپ بىردە سايغا چۈشۈپ، بىرقانچە ئون قېتىم شۇنداق قىلسا، سەنتەيدىكى دۈشمەنلەر ماشىنىنىڭ چىرىغىنى كۆرۈپ، ۋاي ئىلى تەرەپتىن مىللىي ئارمىيىنىڭ 50، 60 چە ماشىنىدا ئەسكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ، دەپ قورقۇشۇپ ھەممىسى جىڭ تەرەپكە قاچىدۇ، جىڭغا بارغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېيىن ھەممىسىنى قورشاپ بىراقلا يوقاتمايمىزمۇ؟“ دېگەن تەكلىپنى بەردى. بۇ چارىنى كۆپچىلىك قوللىغاندىن كېيىن، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئىككى ماشىنا چىرىغىنى ياندۇرۇپ، 20، 30 قېتىم دۆڭگە چىقىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن ستەيدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆتەيگە بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزۈگەندىن كېيىن، غۇلجىدىن 40، 50 ماشىنا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسكەرلىرى كېلىۋېتىپتۇ دەپ ئويلاپ، بىر قىسمى داخىيەنزىگە، بىر قىسمى باجاخو، يۈنجۇخولارغا قېچىپ بېرىۋالدى. 1945-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرىدا جىڭ ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى تۈزۈلگەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسملىرى ناھايىتى جىددىي تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. باتالىئون كوماندىرى سىياسىي رەھبەرلەرنى يىغىپ يوليورۇق بەردى، شۇنىڭ بىلەن چوڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ناھايىتى داغدۇغىلىق باشلىنىپ كەتتى. گومىنداڭچىلار جىڭغا كىرىش يولىدىكى باجاخو، يۈنجۇخولارغا مۇستەھكەم ئىستېھكام قوردى. بۇ جايدىكى پوتەيلەر، ئاكوپلار ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك، ھەر تەرەپكە قاراپ قېزىلغان ئىدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ”شۇە“ ئىسكادىرونى بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ياشلار قۇربان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەڭ خەتەرلىك تەھدىد سېلىۋاتقان ئاشۇ پوتەيلەرنى پارتىلىتىش كېرەك ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى پولك باشلىقلىرى بىرىنچى باتالىئونغا تاپشۇردى.

باتالىئون كوماندىر بۇ ۋەزىپىگە كىم بارىدۇ دېگەن ئىدى، سۆزنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولغىچە زىخرۇللامنىڭ بەندىكى

جەڭچىلەر بىردەك ئەڭ ئاۋۋال بىز بارىمىز، دەپ ۋارقىراشتى.
زىخرۇللام باتالىئون كوماندىرىغا: "ۋەزىپىگە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بېرىشى ھاجەتسىز. بۇ ۋەزىپىگە 3، 4 جەڭچى بارسىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز مەن باراي، چۈنكى مەن گومىنداڭغا ئەسكەر بولۇپ تۇتۇلغاندا، ئايرودرومدا كېسەك قۇيۇپ پوتەي ياسىغان. مەن پوتەينىڭ قۇرۇلۇشى، بىر تۆشۈك بىلەن ئىككىنچى تۆشۈكنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن ئارىلىقنى مۆلچەرلەپ تۇرۇپ، ئۆمىلەپ بېرىپ دۈشمەن پوتىيىگە گرانات تاشلاپ پارتىلاتقىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە مېنىڭ تەجرىبەم بار" دېدى.

شۇ ئارىلىقتا زىخرۇللامنىڭ ئىنژۇوتىدىكى ئابدۇللام، ئابدۇغېنى دېگەن جەڭچىلەر: "زىخرۇللام بىلەن بىزمۇ بارىمىز" دېدى. باتالىئون كوماندىرى زىخرۇللامغا قاراپ: "مەن بۇ تەلىپىڭنى پولك رەھبەرلىكىگە دوكلات قىلاي" دەپ كېتىپ قالدى. كوماندىر قايتىپ كېتىپ بىرئازدىن كېيىن پولكتىن بارسا بولىدۇ. لېكىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك، دېگەن مەزمۇندا تېلېفون كەلدى. ئۇرۇشقا مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى تۇرسۇن مەسئۇل بولۇپ بارسۇن دەپ تاپىلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ زىخرۇللام ئىنتايىن خۇشال بولدى. زىخرۇللام مېڭىشتىن بۇرۇن يەر شارائىتىنى بىرەر قۇر تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆردى، جىلك ناھىيىسىنىڭ يەر شارائىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، گومىنداڭ جىڭنى قولىدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن جەنۇبتىكى باجاخو، يۇنجۇخو دېگەن جايلارنى جىڭنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ناھايىتى مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيىسى قىلىپ، نۇرغۇن يوشۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



پوتەيلەرنى ياساپ، ئوت توچكىلىرىنى زىچ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.
بولۇپمۇ باجاخو، يۈنجۈخولارنىڭ يەر شارائىتى مۇرەككەپ بولۇپ، كىچىك قوم تۆپىلىرىنى يەر ئاستى پوتەيلەردىن پەرقلەندۈرۈش قىيىن ئىدى. بۇ جايلار جىغانلىق، قورۇق سوكسوك چاتقاللىق ئىدى. زىخرۇللام بۇ جايلارنىڭ يەر شارائىتى بىلەن تەپسىلىي تونۇشقاندىن كېيىن پوتەيگە ماڭىدىغان يوللارنى ئوبدان كۆرۈپ بەلگە قىلىۋالدى. يۈنجۈخودا مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن ياسالغان بىرقانچە پوتەيلەر بار ئىدى. زىخرۇللامنىڭ ۋەزىپىسى ئەنە شۇ پوتەيلەرنى تارمار قىلىپ، جىڭغا قاراپ ھۇجۇم قىلىدىغان ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملارغا يول ئېچىپ بېرىش ئىدى. بۇ ھەم مۇشكۈل ھەم ھايات-ماماتلىق ئېلىشىش، ھەم ئىنتايىن شەرەپلىك ۋەزىپە ئىدى.
زىخرۇللام سىيىت، ئابدۇللام، ئابدۇغېنى دېگەن ئۈچ بالىنى تاللىدى. 1945-يىل باش كۈزنىڭ بىر سەھىرى ئىدى. تۇيۇقسىز گۈمبۈرلەپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئويغىتىۋەتتى. جىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى باجاخو، يۈنجوخولارنى ئازاد قىلىش كېرەك ئىدى. باجاخو ئۇرۇشى دەھشەتلىك بولدى. دۈشمەنلەر پوتەيلىرىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. شىددەتلىك ئوق يامغۇرى قېرىنداش قىسىملارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتماقتا ئىدى. بولۇپمۇ، دۈشمەن بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقان «شىۋە» ئىسكادرونى نۇرغۇن قۇربان بېرىش بەدىلىگە باجاخو ئۇرۇشىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى.

قومانداننلىق شتاب، شۆە، ئىسكادرونىنىڭ قەھرىمانلىقىنى تەقدىرلىدى، بولۇپمۇ تاشيولنىڭ جەنۇبى ئېگىزلىكىگە جايلاشقان دۈشمەننىڭ بىرنەچچە پوتەيلىرىدىن يامغۇردەك ئېتىلىۋاتقان ئوقلار قىسمىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە زور قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ، جەڭچىلەرنىڭ قىمىر قىلىشىغىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەيتتى.

گومىنداڭ پۈتۈن كۈچى، جان-جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. جەڭچىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىگە ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلاتتى. بەزىلىرىنىڭ يارىسى خېلىلا ئېغىر ئىدى. ئىس تۈتەك ئىچىدە ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. يەر بېغىرلاپ ماڭغاندا، جىغان، تىكەنلەر جەڭچىلەرنىڭ يۈزلىرىنى جىجاپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى يىرتىپ، ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تېخىمۇ قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ چاغدا 4-پولك بىرىنچى باتالىئوندىن زىخرۇللام، ئابدۇغېنى، ئابدۇللام، سىيىتلار پوتەينى پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ تەييارلىق قىلىشتى. بۇلار پوتەيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. زىخرۇللامنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقماقتا ئىدى. چۈنكى پۈتۈن قىسمىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى تەقدىرى بۇ تۆت جەڭچىنىڭ قولىدا ئىدى. شۇلارنى ئويلىغاندا زىخرۇللامنىڭ يۈرىكى بارغانسېرى ئەنسىز تىپچەكلىگىلى تۇردى. بۇلار ئاپتومات ھەم 4 ، 5 دىن گراناتنى ئېلىپ، گراناتنى بېلىگە قىستۇرۇپ يەر تۈزۈلۈشىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، قۇم دۆۋىلىرىنى، جىغانلىق، چاتقاللارنى دالدا قىلىپ دۈشمەن پوتىيىگە قاراپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ كەتتى.

سەھەر ۋاقتى بولسىمۇ ئەتراپ تېخى يورۇپ كەتمىگەن، ئىس

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۈتۈكلەر ئىچىدىن نىشاننى پەرق قىلىش تەس ئىدى. دۈشمەن پوتەيلىرى توختىماستىن قارا قويۇق ئوق ياغدۇرۇپ ھەيۋە قىلماقتا ئىدى.

بەزىدە ئوق ئاۋازى تۇرۇپ-تۇرۇپ توختاپ قالاتتى. زىخرۇللاملار شۇ ئارىلىقتا خېلى ئالغا ئىلگىرىلىۋالاتتى. پوتەيگە يېقىنراق كەلگەندە، زىخرۇللام "ئادەم كۆپ بولسا نىشان ئاسان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ-دە، ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تەسىر يېتىدۇ" دەپ ئويلاپ ھەمراھىنى دەرھال يۇلغۇن تۈۋىگە مۆكتۈرۈپ قويدى، ئۇلارغا سىلەر بىزنى قوغداڭلار دەپ، ئابدۇغېنىنى ئەگەشتۈرۈپ پوتەيگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى.

پوتەيگە 20 مېتىرچە قالغاندا، زىخرۇللام دۈشمەن پوتەيىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، پوتەيدىكى پىلىموت ئاغزىنىڭ قايسى تەرەپكە قارىغانلىقىنى، قانچە ئارىلىق بارلىقىنى تازا ئوچۇق كۆرۈۋېلىپ، ئاددىيغىنە بىر خەرىتە سىزدى-دە، ئابدۇغېنىغا بېرىپ، كوماندىرغا دەرھال دوكلات قىلىشنى تاپشۇردى. ئابدۇغېنى زىخرۇللام سىزغان يەر شارائىتى خەرىتىسىنى ئېلىپ باشلىقلارغا تاپشۇرۇپ ئۆزى روتىغا كەتتى. بۇ چاغدا دۈشمەنلەر ئۆزلىرىگە قاراپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلار ئۆلدى دەپ قالدى بولغاي، ئوق ياغدۇرۇشنى بىردەم توختاتتى. مۇشۇ پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلانغان زىخرۇللام دەرھال ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، دۈشمەن پوتەيىگە گرانات تاشلىدى. گۈمبۇر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دۈشمەن پوتەيىنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى، ئەمما باشقا پوتەيلەردىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ئىلگىرىلەش پۇرسىتى بەرمەيۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ قولىقىغا ئۆلۈم

دېگەن دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى ۋە بىچارە يالغۇز ئانىسىنىڭ بالام دەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاۋاتقان سىماسى كۆز ئالدىدىن لاپ قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى-دە، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرىتى قايناپ تاشتى. زىخرۇللام كۆڭلىدە "يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، ئانا مەندىن رازى بول!" دېدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ دۈشمەن ئوق ياغدۇرۇۋاتقان ئىككى پوتەيگە قەيسەرلىك بىلەن يېقىنلاپ بېرىپ بارلىق كۈچى بىلەن بۇ پوتەيگىمۇ گرانات تاشلاپ ئۆزى يەرگە يېتىۋالدى. يەنە دەھشەتلىك گۈمبۈرلەش ئاۋازى بىلەن تەڭ قويۇق ھەم قاڭسىق ئىس تۈتۈكلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. دۈشمەننىڭ ئىككىنچى پوتىيىمۇ پارتلاپ كۆلى كۆككە سورۇلدى. زىخرۇللام ئۆلۈمدىن قورقماس قەيسەر روھ بىلەن پىداكارلىق كۆرسىتىپ دۈشمەننىڭ ئىككىنچى پوتىيىنىمۇ ئۇجۇقتۇردى. شۇ دەقىقىدە بىرنەچچە سېكونت پۈت قوللىرى لاسسىدە بوشاپ كەتكەندەك بولدى-دە، ئاندىن دەرھال ئۆزىگە كېلىپ 3-پوتەيگە تېزلىكتە ئۆمۈلەپ يەر بېغىرلاپ ماڭدى. ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ قاچماقچى بولۇپ پوتەيدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى ۋە دەرھال دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ گرانات تاشلىدى. دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ بەزىلىرى ئۆلدى، بەزىلىرى يەنە قېچىپ پوتەينىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. ئارىلىق بەكمۇ يېقىن بولغانلىقتىن ئۇ ئاتقان گرانات پارچىلىرى زىخرۇللامنىڭ ئۆزىگىمۇ تېگىپ كېتىپ ئۇنىڭ يامپاشلىرىنى زەخملەندۈردى.

قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ھالسىزلىنىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. لېكىن زىخرۇللام پوتەي ئىچىدىكى دۈشمەنلەر ئۇنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى تىرىك تۇتماقچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ، پوتەيدىن چېقىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى غۇۋا كۆرگەندەك بولدى. ئەمما سەزگۈر زىخرۇللام پۈتۈن زېھنىنى پوتەيگە تىكىپ ياتقان ئىدى. زىخرۇللام دەرھال ئېسىگە كەلدى. ئەمدى بۇنى توسايدىغان ھېچقانداق كۈچ قالمىغان ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە يا ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسى ياكى ئانىنىڭ ئاھۇ زارى يوق ئىدى. چۈنكى زىخرۇللام مۇشۇنداق ئۆلسە ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بەختلىك ئۆلۈم بولاتتى، ئانىسى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ھەسرەت بىلەن بەخت تەڭ كېلەتتى. چۈنكى ئەۋلادلار ئۇنى قەھرىمان زىخرۇللامنىڭ ئانىسى دەيتتى، ئۇنى ئەتىۋارلايتتى، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، ئۇ شۇلارنى ئويلىدى-دە، بىر يۇلغۇننىڭ كەينىگە مۆكۈنىۋالدى. ئۇ يۇلغۇننى دالدا قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن كۈچىنى، ئىقتىدارىنى يىغىپ پوتەيدىن چېقىۋاتقان دۈشمەن ئۈستىگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ دۈشمەندىن ئىككىسىنى يەر چىشلەتتى-دە، پوتەيگە قارىتىپ گرانات تاشلىدى. چۈنكى ئارىلىق زىخرۇللامغا بەك يېقىن ئىدى، قاتتىق گۈمبۈرلىگەن پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىدىيۇ، زىخرۇللام قانسىراپ ھەم ماغدۇرسىزلىنىپ ھوشسىز يىقىلىپ قالدى. بۇ چاغدا زىخرۇللام يولغۇن تۈۋىگە مۆكتۈرۈپ قويغان ئىككى جەڭچى ئىس تۈتەكلەر ئىچىدە پوتەيگە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇ يەردىكى تىرىك قالغان دۈشمەنلەرنى ئۈجۈقتۇردى. ئۇلار زىخرۇللامنى يۆلەپ باتالىئونغا قايتتى. بۇنىڭ بىلەن باجاخوغا ھۇجۇم قىلىش توسالغۇسى بىتچىت قىلىندى. جىڭغا ھۇجۇم قىلغان قىسىملار شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن يوڭجۇخوغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار بەدىلىگە باجاخو، يۇنجۇخولار ئازاد قىلىندى.

بۇ ئىككى توسالغۇ يوقىتىلغاندىن كېيىن چېدىردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شىخو تەرەپكە قاراپ قاچتى، جىڭمۇ تېزلا ئازاد قىلىندى. بۇ يەردە ئىستېھكاملىرىنى ساقلاپ ياتقان دۈشمەننىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تىرىك قالغىنى ئامالسىز شەپكىسىنىڭ چوشۇپ قالغىنىغا قارىماي بەدەر قاچتى. زىخرۇللام سانىتارلار بۆلۈمىدە بىرنەچچە كۈن يارىسىنى تاڭدۇرۇپ داۋالانغاندىن كېيىن ساقىيىپ قىسىمغا قايتتى. زىخرۇللامنىڭ يونجۇخودىكى قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى تۇغرىسىدىكى پاراڭلار پۈتۈن پولك بويىچە ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ كەتتى. باتۇر-قەيسەرلىككە قايىل بولمايدىغان كىم بار؟ ئاپىرىن ئېيتمايدىغان كىم بار؟ رازىمەنلىك، قايىللىق تۇيغۇلىرى ئوت بولۇپ ياندى، پۈتۈن قىسىمدىكى جەڭچىلەر زىخرۇللامغا ئالقىش ياڭراتتى. تونۇمىغانلار ئۇنى كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدى. ئۆز قىسمى ۋە قېرىنداش قىسىملار ئىچىدە بولسۇن سەھرا ئوغلى زىخرۇللامنىڭ ئۇيغۇر ئوغۇللىرىنىڭ ئوبرازىغا مۇناسىپ ئۆلۈمدىن قورقماس روھى، سۇنماس قەيسەر ئىرادىسى، ئېچىنىشلىق ئۆتمۈشى تىللاردا داستان بولۇپ سۆزلىنىپ يۈردى. پۈتۈن ئوفىتسېر، جەڭچىلەر بۇ ئۆلۈمنى يەڭگەن گىگانت سەھرا ئوغلىدىن پەخىرلەندى.

جىڭ ئازاد قىلىنىپلا ئارقىدىن شىخومۇ ئازاد قىلىندى. پولك قىسىملىرى توختىماي شىخودىنمۇ ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كۈيتۈن دەرياسى بويىدا مۇداپىئەدە تۇردى. ياردارلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى، كېيىن بۇلار يەنزىخەيگە يۆتكەلدى. كۈيتۈن دەريا بويىدىكى قىسىملار بىرنەچچە كۈن دەم ئالدى. دەھشەتلىك ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە جاپا-مۇشەققەتنى تەڭ تارتىپ، بىر پارچە قورۇتقان ناننىمۇ تەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تالىشىپ يەپ كەلگەن نۇرغۇن ھەر مىللەت جەڭچىلىرى ئالەمدىن كېتىپ قالدى. ئۇلار خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بۇ قۇم دۆۋىلىرىدە قان داغلىرىنى قالدۇرۇپ، ۋاقىتسىز توزىغان غۇنچىلار ئىدى. ئەپسۇس ئۇرۇش رەھىمسىز، ئۇرۇش ئۇلارنى ئون گۈلىنىڭ بىرسى ئېچىلماي تۇرۇپ ئارىدىن ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، يار-دوستلىرى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. باتۇر قەيسەر ئۇلۇمدىن قورقماس ئوغلانلىرىنى غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىدۇ دەپ تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئىنسان ھاياتى مانا شۇنداق مۈرەككەپ ھەم ئېچىنىشلىق. ھەققانىي ئۇرۇش داۋامىدىكى تراگېدىيىلىك ھاياتقا ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن قارىغاندىلا ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشۈنگىلى بولىدۇ.

بۇ شانلىق قۇربانلارنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان؟ ئوغلارنىڭ ئاتا-ئانىسى، سۆيۈملۈك ئاياللىرى، ئوماق باللىرى ئۇلارنى كۈتۈۋاتاتتى. بەزىلىرىنىڭ باللىرى دادىسىنى سېغىنىپ ئاپىلىرىدىن كۈندە نەچچە ئون قېتىم دادام قاچان كېلىدۇ دەپ تاتلىق تىلەكلىرى بىلەن سورىشاتتى. ئەگەر ئاپىلىرى ياكى باشقىلاردىن خاپا بولۇپ قالسا، دادام كەلگەندە ئېيتىپ سېنىڭ ئەدىپىڭنى بەرگۈزىمەن، دەيتتى. دادىلىرىنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

لېكىن ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى، شېرىن چۈشلىرى مانا ئەمدى ئاخىرلاشقان ئىدى. دەھشەتلىك ئۇرۇش ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قانغا بوياپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىدە، يولغۇن تۈۋىدە كۆمۈلۈپ قالدى. لېكىن تارىخ ھەرگىز بۇلارنى كۆمۈۋەتمەيدۇ، كەلگۈسى

ئەۋلادلار ماختىنىش بىلەن ئۇلارنى ئەسلەيدۇ، قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئاتا-ئانىسى ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىدۇ. بالىلىرى قەھرىمان-باتۇر دادىلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلاردىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆيگەن يارلىرى ئايدىڭ كېچىدە ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقان تېرەكنىڭ دالدىسىغا، ئۆستەڭ بويىدىكى مەجنۇن تالنىڭ تۈۋىگە كېلىپ مۇرادىغا يەتمىگەن يارلىرى ئۈچۈن ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ. زىخرۇللامنىڭ بۇ قېتىم دۈشمەننىڭ "يېڭىلمەس ئىستېھكام" دېگەن ئۈچ پوتىينى پارتىلىتىپ قېرىنداش قىسىملارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن قەھرىمانلىق جاسارىتىنى كوماندىر باتالىئون دەرھال پولىك باشلىقلىرىغا دوكلات قىلدى.

ئەتىسى پولىك باشلىقلىرى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ نادىروپ زىخرۇللامغا "ئۇرۇش قەھرىمانى" دېگەن شەرەپلىك نام بەردى.

بۇ خەۋەرنى پولىكتىكى پۈتۈن ئوفىتسېر، جەڭچىلەر ئالدىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئوفىتسېر، جەڭچىلەر ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئالقىش سادالىرى ئىچىدە زىخرۇللامنى تەبرىكلەشتى. ئۇزۇنغىچە گۈلدىراس ئالقىش سادالىرى بېسىقمىدى. يولداشلىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتاتتى، ئۇشقۇرتاتتى. زىخرۇللام ھاياجان ياشلىرىنى يوشۇرالماي قالدى، ئۇنىڭ ئادەم يوق دالالارغا، ئېگىز تاغلارغا بېرىپ ئۈنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇسى، ئۈنلىرىنى قويۇۋېتىپ يىغلىغۇسى كېلەتتى.

لېكىن زىخرۇللام بۇ نامغا ئېرىشكەندىن كېيىن قىلچە ئۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com



تەمەننا قويماي، مەغرۇرلانماي سەپداشلىرى بىلەن تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك بولۇشۇپ كەتتى.

شۇنىڭدەك جىڭ ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، زىخرۇللام قىسىم بىلەن بىللە ئالغا ئىلگىرىلەپ، يەنزىخەي ئورمانلىقىغا كېلىپ شۇ يەردە مۇداپىئەدە تۇردى.

يەنزىخەي ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر پۈتۈنلەي كونا ئىپتىدائىي ئورمانلىق ئىدى. بەزى قارا ياغاچلارنىڭ غولىغا قۇچاق يەتمەيتتى. ئورمان ئىچىگە كىرىپ قالغان ئادەم ماڭغان يولىغا بەلگە سېلىپ قويمىسا قايتىپ چىقالمايتتى. چۈنكى ئورمان ئىنتايىن قويۇق چاتقاللىق بولۇپ، بۇ جاي ساندىخوزا — ھازىرقى ساۋەن، شىخو ئارىلىقىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ، يوشۇرۇنۇشقا ناھايىتى مۇۋاپىق، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقىمۇ ئەپلىك ئىدى. بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان قىسىملار ئالدى بىلەن ياتىدىغان جاي تەييارلاش ئۈچۈن، ھەربىر روتا گەمە كولاپ گەمىدە يېتىش تەييارلىقىنى قىلىشتى. زىخرۇللام ئۆز ئەترىتىنى باشلاپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن گەمە كولاشقا كىرىشتى. بۇنى كۆرگەن جەڭچىلەرمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تۇتۇش قىلىپ، ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر قىلىپ ھەربىر ئىزۋوت ئەتىلىنىيە ئۈچۈن گەمە ياساشتى. گەمىنىڭ ئۈستىگە قارا ياغاچ سېلىپ، كۈنگەيگە قارىتىپ دېرىزە قويدى. پولكنىڭ تەلپى بويىچە گەمىلەرنىڭ ئۈستىگە بىرەر قۇر شاخ-شۇمبا ياپتى، پولك گەمىلەرنىڭ ئۈستىگە ياپقان شاخ-شۇمبۇلار ئېگىز بولۇپ كەتمىسۇن دېگەن ئىدى. شۇ ئۆلچەم بويىچە زىخرۇللامنىڭ ئەترىتى

ھەممىدىن بۇرۇن ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىزۋوتىغا يوغانراق بىر ئاشخانا كولىدى. بۇ ئاشخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر بولۇپ، يورۇق بولسۇن دەپ تۆت ئورۇنغا دېرىزە قويدى. تاماق ئېتىدىغان ئورۇن بىلەن تاماق يەيدىغان تاماقخانا ئايرىۋېتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ۋاقىتلاردا، قىسىم بويىچە يىغىنلار ئېچىلسا زىخرۇللامنىڭ ئىزۋوتىدا ئېچىلىدىغان بولدى. جەڭچىلەر چاپسانراق ئۇرۇش قىلىشقا تەقەززا ئىدى. لېكىن كۈندۈزى داۋاملىق ھەربىي مەشىق ئۆتكۈزۈپ، روتا، پولكلار ئارا مۇسابىقىلىشىپ تۇراتتى.

بولۇپمۇ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كۆپچىلىك زىخرۇللامنىڭ ئىزۋوتىغا كېلىپ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. بىرىنچى باتالىئون كوماندىرى توختى مەمەتوپ كۆپچىلىككە مۇساجان روزىغا ساز چالدۇرۇپ ئىلى ناخشىلىرىنى ئېيتقۇزاتتى. شۇنداق قىلىپ، يەنىزىخەي ئورمانلىقىدا ھەم سىياسىي ھەم مەنىۋى ھاياتنى قولدىن بەرمەي ئۇزۇن قىشلار، قاتتىق سوغۇقلارمۇ ئۆتۈپ 1946-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگىنىدەك دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىدى، جەڭچىلەر بۇ يەردە بىر قىش، بىر ياز مۇداپىئەدە تۇرۇپ زېرىكتۇق، نېمە ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرلىمەيمىز؟ دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دېگەندەكلا ئىككى تەرەپ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، يەنىزىخەيدىكى پولك ئالغا ئىلگىرىلەپ ماناس دەريا بويىغا باردى.

بىتىم بويىچە ئارمىيىنى قىسقارتىش يولغا قويۇلۇپ، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



4-پىيادە پولكنى غۇلجا 2-پىيادە پولكقا قوشۇۋەتتى. 4-پولكنىڭ نامى ئەمەلدىن قېلىپ غۇلجا 2-پىيادە پولك بولدى. بۇ مەزگىلدە زور بىر تۈركۈم ئەسكەرلەر قىسىمدىن بوشىدى. بۇ ۋەزىپىلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ماناس دەرياسى بويىدا تۇرغان قىسىملار چېكىنىپ غۇلجىدىكى 2-پولك غۇلجىدا، تارباغاتايدىكى 3-پولك چۆچەككە، ئالتاي ئاتلىق پولك سارسۇمبىگە بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. قالغان قىسىملار بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. زەمبىرەكچىلەر باتالىئونىنى غۇلجىغا بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ دەپ ئۇقتۇرغان ئىدى. لېكىن ئۇ قېتىمقى قايتا تەشكىللەشتە بىتىم ماددىسىدا مىللىي ئارمىيە قىسىم سانى 12 مىڭ ئەسكەر بولىدۇ دېيىلگەن بولسىمۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ھەربىي كۈچىنى 20 مىڭ ئەتراپىدا ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن 46-يىل 7-ئايدا غۇلجا 2-پىيادە پولك پولك بويىچە غۇلجىغا قايتىپ كەلدى.

ئۇرۇش قەھرىمانى زىخرۇللام مىللىي ئارمىيە ئارقا سەپ خىزمىتىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئارقا سەپ ئىشلەپچىقىرىش باشقارمىسىدا بۆلۈم باشلىقى بولدى. غۇلجا 2-پولك غۇلجىغا قايتىپ كەلگىچە نۇرغۇن جاپالارنى چەكتى. چۈنكى بۇ ۋاقىت قاتتىق ئىسسىق بولۇۋاتقان تومۇز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاڭ-توپا يوللاردا ئۇسسۇزلۇق سۇ تېپىشمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىدى، ھەربىر جەڭچىنىڭ كۆتەرگەن نەرسىلىرى 30 كىلوگرامدەك كېلەتتى. مەسىلەن بىر مىلتىق، 100 تال ئوق، ئورۇن-كۆرپە، يولدا يەيدىغان ئوزۇق ۋە تاماق قاچىلىرى قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى، كۆن قاقاس ئىسسىق، ئادەمنىڭ تېرىسىنى ۋىژىلدىتىپ

كۆيدۈرەتتى، يىراقتىن خۇددى تونۇردىن چىقىۋاتقان پار يالقۇنىدەك بىلىنەتتى. لېكىن جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سەھرالىق ھەم چارۋىچىلىق رايونىدىن كەلگەن بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ بۇ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، جىڭدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، "كاللاستا" دېگەن داۋانغا چىقىپ ئۇ يەردىن "توغرا سۇ" يايلىقىغا كەلدى. ئۇ يەردە چېدىر تىكىپ تەييارلىق قىلىپ تۇرىمىز دەپ بالدۇر كەتكەن خوجىلۇق باشلىقى زۇنۇن ئاكا، سىياسىي رەھبەر ھاشىم گۆھەر باقىيوپلارنىڭ قارىسىمۇ يوق ئىدى. توغرا سۇ يايلىقىغا بارغاندا پاناھلانغۇدەك جاي يوق ئىدى. بۇ يەردە ئىككى كۈن دەم ئېلىشقا توغرا كەلدى. بۇ يەردە قېرىشقاندەك ئىككى كۈن قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقىدىن پاناھلانغۇدەك جاي تېپىلمىدى، جەڭچىلەرنىڭ ئورۇن-كۆرپە، يوتقانلىرى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئىككى نەپەر جەڭچى يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن يار لېۋىدە ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن يار غۇلاپ ئىككىسى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇرۇشتا، يامغۇردەك تۆكۈلىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرىدىن ساق قېلىپ، يامغۇرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ ئۆلۈمى قىسىم ئۈچۈن ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر ۋەقە بولدى. بۇ ئەھۋال قىسىمدىكى ئوفىتسېر، جەڭچىلەرگە ئىنتايىن قاتتىق ھار كەلگەن ئىدى. پۈتۈن قىسىمدىكىلەر قاتتىق يىغلىشىپ ماتەم تۇتۇپ، شۇ يەردە يەرلىك كولاپ ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئۆلارنى يەرلىكىدە قويدى. جەڭچىلەر قىسىم قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىغا كېلىپ شەبداشلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن، تۈگىمەس قايغۇ-ھەسرەت بىلەن قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ يولغا چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىسىم يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، يۇقارقى پەنجىم مەھەللىسىگە كەلگەندە، ناھايىتى نۇرغۇن خەلق ئاممىسى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى رەت بولۇشۇپ، سېۋەتلەردە ئالما، ئۈرۈك، نان، توقاچ، تۇخۇم، بەزىلىرى تېخى مانتىلارنى پىشۇرۇپ قارشى ئېلىشقا چىققان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلمەكتە ئىدى.

بۇنداق جۇشقۇن كەيپىيات بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىش پىيادە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، جاپا-مۇشەققەتنى يەتكىچە تارتىپ، نۇرغۇن يولداشلىرىدىن ئۇرۇشتا ئايرىلىپ، ئىككى نەپەر يولدىشىدىن بوسۇغىدا ئايرىلىپ، ھېرىپ-چارچاپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، روھى چۈشۈپ كېلىۋاتقان جەڭچىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ تەسەللى ئىدى.

ئاق ئۆستەڭ كۈۋرۈكىگە كەلگەندە، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھېكىمبەگ غوجام قاتارلىق باشلىقلار قارشى ئېلىشقا چىقتى. ھېكىمبەگ غوجام تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ جەڭچىلەرنى ئىلھاملاندۇردى.

مىللىي ئارمىيە شتابىدىن باش شتاب گېنېرال ماژاروۋ بىر نەچچە ئېغىز ھال سوراش ۋە قارشى ئېلىش، غەلىبە قۇچۇپ كەلگەنلەرنى تەبرىكلەش سۆزى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، قىسىم يولنى داۋاملاشتۇرۇپ غۇلجىغا كىرگەندە، بوينىكېسىك بىلەن ھەرەمباغقا قاراپ ماڭدى. قىزىل كۆۋرۈكتە يەنە قارشى ئېلىشقا چىققان ئامما بىلەن ئۇچراشتى، ئاندىن گازارمىغا قايتىپ كېلىپ، ياتاق ئورنىدا گازارمىنىڭ ئىچىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈپ ئارام ئېلىشتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ گازارمىدا بىر ھەپتىلىك چوڭ تازىلىق قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن مىللىي ئارمىيە ئارقا سەپ بۆلۈمى جەڭچىلەرگە كىگىز، يوتقان-كۆرپىلەرنى يەتكۈزۈپ بەردى. مۇئاۋىن شتاب باشلىقى مەمەت ئىمىن ئىمىنوف قوماندانلارغا ۋاكالىتەن پولكقا ھال سوراپ كېلىپ، پۈتۈن پولك جەڭچىلىرىنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلەرنى مەدھىيلەپ، پۈتۈن جەڭچىلەرنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغان جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇردى.

زىخرۇللام ئارقا سەپ بۆلۈمىگە — يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەتتى.

ماناس دەريا بويىدىن قايتىپ كەلگەن كونا ئەسكەرلەر ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ كېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن يۇقىرى رەھبەرلىك مەسلىھەتلىشىپ، جەڭچىلەرگە سەھرالارغا بېرىپ ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە بەش كۈنلۈك رۇخسەت بەردى. لېكىن ھەممىسى بىراقلا ئەمەس، بۆلۈنۈپ بېرىشقا رۇخسەت بېرىلدى.

كېيىن پولك رەتكە سېلىنىپ رەھبەرلىك ئۆزگەرتىلدى. تەلىم-تەربىيە چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىنتىزام چىڭىتىلدى. بىر قىسىم كونا جەڭچىلەرنى قايتۇرۇپ ئورنىغا يېڭى جەڭچىلەرنى قوبۇل قىلدى، ئۇلار گازارمىغا كەلدى.

1948-يىلى گومىنداڭ بىتىمنى بۇزۇپ ساۋەن ھاكىمى، ساقچى باشلىقلىرىنى سېتىۋېلىپ، شىخۇ، بۆرتۇنكو، ساۋەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەتراپىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلارغا قارشى غۇلجا 2-پىيادە پولك باشقا قىسىملارغا ئوخشاش يەنە ئالدىنقى سەپكە ماڭدى. ئۇلار باندىتلارنى تازىلاپ، پۈتۈن قىسىم ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ئىككىنچى قېتىم ئورۇنلاشتى. ئۇ يەرگە بېرىپ مۇداپىئەدە تۇردى. غۇلجا 2-پىيادە پولك يەنە يەنزىخەي ئورمانلىقىدا تۇردى. تاكى 1949-يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر، مىللىي ئارمىيە گومىنداڭنىڭ 100 مىڭ ئەسكىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمالنى تېز ئازاد قىلىشى ئۈچۈن يېقىندىن ماسلاشتى. بۇ ۋەزىيەت ئۈرۈمچىنى ساقلاپ ياتقان ما چىڭشاڭ قوشۇنلىرىدىكى يېچىن قاتارلىقلارغا پايدىسىز بولغاچقا، ئۇلار ھەربىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق چەتكە چىقىپ كەتتى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، زور غەلىبە بىلەن شىنجاڭ بوسۇغۇسىغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال تاۋ سىيۈ ۋە بۇرھان ئەپەندىلەر ھەقىقەتكە قايتتى، بۇ ۋاقىت دەل 1949-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنلىرى ئىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولۇپ، شەرقنىڭ يورىقى پۈتۈن شىنجاڭنى يورۇتتى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەختلىك يېڭى ھاياتى باشلاندى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5-كورپۇسى بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ چوڭ ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ پارلاق يېڭى ھاياتىنى باشلىۋەتتى.

دەل شۇ مىنۇتلاردا غەربتە "يىقىلغان تاش" تەرەپتىن مىللىي

ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئالدىنقى ئەترىتى بەش يولتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە ھەيۋەتلىك چوڭ قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەرقتىن جەڭگە ئاتلىنىپ جاھاننى زىلزىلىگە سالغان باتۇرلارغا خاس ئوبرازى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن غەلىبە مارشىنى ياڭرىتىپ كىلىپ ئۈرۈمچىگە يېڭى ھاياتي كۈچ ئاتا قىلدى. ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ قىسىملىرى ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن باشقىلاردىن قېلىشماي ئالدىراپ ئۈرۈمچىگە كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

بۇ ئۈچ قوشۇننىڭ ئۇچرىشىشى ئىدى، ھازىرقى داشىزىدىكى خەلق بانكىسىنىڭ ئالدىدا ئۈچ قوشۇننىڭ قوشۇلۇپ شەھەرگە كىرىشىنى ساقلاپ تۇرغان پىڭ دېخۇەي قوماندان، ۋاڭ جېن سىلىڭ، سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەئىدى، تاۋ سىيۆ قاتارلىق بارلىق باشلىقلار بۇ ئۈچ قوشۇننىڭ ئۈچ تەرەپتىن كىرىپ ھۆرمەت قەدەم بىلەن ھەيۋەتلىك پاراتتىن ئۆتكەن ماھارىتىنى كۆردى. بولۇپمۇ مىللىي ئارمىيىدىكى جەڭچىلەر ئۇستىدە سېرىق شىرتما چاپان، گەلەپي ئىشتان، ئاق قولاقچا بىلەن ناھايىتى رەتلىك تەكشى قەدەملەر بىلەن مېڭىۋاتاتتى. پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرى ھەيۋەتلىك بايرام تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، ئۈرۈمچى خەلقى ئىنتايىن قىزغىن تەنتەنە بىلەن قوشۇندىكىلەرگە ئالقىش ياڭراتتى.

ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياجىنىنى باسالماي ۋارقىرىشىپ، ئۇشقۇتۇشۇپ، باش كىيىملىرىنى ئاسمانغا ئاتاتتى، بەزى ياشانغانلار ھاياجىنىنى باسالماي، خۇشاللىق ياشلىرىنى قوللىرى بىلەن ئېرتىپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىشىپ، كىملەرنىدۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چاقىرىشاتتى. باشقىلار قىسىملارغا قول ئىشارىتى بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردى.

ئۈرۈمچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ھەيۋەتلىك پارات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىسىملار گازارمىلىرىغا قايتتى. لېكىن ئادەملەر توپلىشىپ تەنتەنە قىلىشاتتى. جەڭچىلەرگە كۆكۈل سوۋغىلىرىنى بېرىشەتتى. قىزلار چىرايلىق ئىشلەنگەن قولياغلىقلارغا خەتلەرنى يېزىپ جەڭچىلەرگە تاشلايتتى. قاينام-تاشقىنلىق بىلەن تولغان، تارىختا ئۇنتۇلماس بۇ پارات ئاخىرلاشقان ئىدى.

پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى ھاياجانغا سالغان، شەھەرنى بايرام تۈسىگە سېلىپ تەنتەنە قىلغۇزغان، ئادەملەر قەلبىگە ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق ۋە شادلىق ئاتا قىلغان بۇ بىر كۈن ئاخىرلاشقان ئىدى.

زىخرۇللام غۇلجىغا قايتىپ، غۇلجا 5-كورپۇس ئارقا سەپ بۆلۈمىدىكى خوجىلۇق بۆلۈمىدە ئىشلىدى.

1950-يىلى 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۇقىرىدىن يوليورۇق كېلىپ، غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا 5-كورپۇستىن ۋەكىل ئەۋەتىشنى ئۇقتۇرۇش قىلدى.

ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن، 5-كورپۇس باشلىقلىرى مۇزاكىرە قىلىپ، سابىق مىللىي ئارمىيىنىڭ كۆرەش قەھرىمانى بولغان زىخرۇللام قاتناشسا بولىدۇ، دەپ قارار قىلدى.

بۇ قارار يەتكۈزۈلگەندىن كېيى، پۈتۈن 5-كورپۇس كوماندىر-جەڭچىلىرى ئىنتايىن خۇشال بولدى ھەم ھاياجانلاندى. ھەممىسى زىخرۇللامنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ "ھۇررا" دەپ

كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىشاتتى، بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشەتتى. بۇ خەۋەر پۈتۈن 5-كورپۇس ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان زور خۇشاللىق ئىدى.

چۈنكى بۇ بىرىنچى قېتىم كەمبەغەل سەھرا ئوغلىنىڭ شەرەپ بىلەن قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتنىشالايدىغان پۇرسىتى ئىدى ھەم بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. زىخرۇللام ئۆزىمۇ ھاياجاندىن كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ئىسسىق ياشلىرىنى ئېرتقاچ:

— بۇ مەندەك دۇمبىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن كەمبەغەل دېھقان ئۇزۇن يىل بالىلىق ھاياتىمدا كىشىلەرنىڭ كەمستىشىگە ئۇچرىغان، بايلار تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن، تاياق يېگەن، دىلى ئازار يېگەن، قورسىقى تويغۇدەك ئىسسىق تاماق يېمىگەن، يېڭى كىيىم كىيمىگەن، باشقىلارنىڭ يەنى بايلارنىڭ بالىلىرىدەك ئويناپ كۈلەلمىگەن، مەكتەپ قويىغا كىرەلمىگەن بىر بىچارە سەھرا ئوغلى ئۈچۈن ئەڭ ئالىي شەرەپ! بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەستۇ-ھە؟ — دەيتتى.

بىردەم ئۆتمۈشنى ئەسلەپ يىغلىسا، بىردەم ھازىرقى بۇ رېئاللىقلارغا خۇشال بولۇپ كۈلەتتى. نەچچە كېچىلەر زىخرۇللام يۈرەكلىرى شادلىقتىن تىپچەكلەپ، كىرپىك قاقماي تاڭلارنى ئاتقۇزدى. ئۇ "مەن ھاياتىمدا ئۈرۈمچىدىن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىغان، بۇ قېتىم ۋەتەننىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىنى كۆرىدىغان بولدۇم" دەپ خۇشاللىقتا كىچىك بالىدەك قىن-قىنىغا پاتمايۋاتاتتى. زىخرۇللام 1950-يىلى 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، غەربىي شىمال يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، ئاپتوموبىل بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لەنجۇغا قاراپ يولغا چىقتى. قومۇلدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى يوللار پايانسىز كەتكەن چۆللۈك ئىدى. ئۇ چۆللەردە بورانلار ئۇچۇرۇپ كەلگەن قامغاقلاردىن باشقا ئىنس — جىن، ئۇچار قاناتلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 10-ئاي بولغان بىلەن ئاپتوموبىلدا ئولتۇرۇپ قارىسىڭىز، يەردىن كۆتۈرۈلگەن پار تونۇردىن لاۋۇلداپ چىقىۋاتقان ئوت ياقۇنىغا ئوخشايتتى.

"نېمىشقا بۇ يەرلەردە ئادەملەر، دەل-دەرەخلەر يوقتۇ؟" دەپ ھەيران بولاتتى، ساددا دېھقان ئوغلى زىخرۇللام. شىڭشىڭشىيا (ئارا يۇلتۇز) ، جيۇچۇەنگە بارغۇچە شېغىل تاش، قۇملۇق چۆللۈك ئىدى. لېكىن ئۇ ساۋلىڭ داۋىنىدىن ئۆتكەندە ھەيرانلىقتىن ھاياجىنىنى باسالماي قالدى ۋە:

— بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى، مەنزىرىسى بىزنىڭ غۇلجا بىلەن نىلقا تاغلىرىدىكى بەزى يەرلەرگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، — دەپ پىچىرلىدى ئۆز-ئۆزىگە.

چۈنكى ئۇ ساۋلىڭ داۋىنىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىر-بىرى بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان تاغدا ئۆسۈپ كەتكەن قارىغايلار، قارىغايلىقنىڭ ئاستى يېشىل چۆپلۈك، چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ئېچىلىپ كەتكەن ھەر خىل گۈللەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. قارىغاينىڭ تۆۋىنىدە ئۆسكەن تاغ تېرەكلىرى، باشقا ھەر خىل دەرەخلەر، يىلان باغرى داۋان سېيى ئىچىدىن ئۆرۈلۈۋاتقان سەلكىن شامال تاغ گۈللىرىنىڭ يېقىملىق ھىدىنى ئېلىپ كېلىپ دىماغلىرىڭىزنى مەس قىلاتتى. تاغ شامىلى چاچلارنى ئۇچۇرۇپ مەڭزىڭىزنى ئاستا سىيپاپ ئۆتەتتى.

بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرگەن زىخرۇللامنىڭ خىيال كەپتەرلىرى

نىلقا تاغلىرىغا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى، شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئۇ ئۆزىنى بىرئاز يېنىكلەپ قالغاندەك سەزدى ۋە ئەركىن نەپەس ئالدى. ئۇ ئاپتوموبىلدا ئولتۇرۇپ، چارچاپ قالغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك بولدى.

ئاخىرى بۇ ئۇزۇن يوللارنى تۈگىتىپ لەنجۇغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭ غەربىي شىمال بيۇروسىغا چۈشتى.

زىخرۇللام ئۆمرىدە پويىزنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، پويىزنى كۆرۈپ ئاجايىپ ھەيران قالدى. "توۋا، ئاجايىپ نەرسىكەن بۇ، يا بۇنىڭغا ئات قاتمىسا ياكى ئۆكۈز بىلەن سۆرەتمىسە، شۇنداق تۇرۇپ شۇنچە نۇرغۇن ئۆيلەرنى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ، تار تۆمۈر رېلىسنىڭ ئۈستىدە شۇنداق تېز ئېلىپ كېتىۋاتقىنىنى" دەپ ھەيران قالدى. "ئۇنىڭ ئۈستىگە يوللاردا قونۇپ دەم ئالماستىن كېچە-كۈندۈز ئۈچىدىكەنغۇ بۇ كاساپەت" دەپ ئۆزىچە كۈلۈپمۇ قويدى.

ئاجايىپ بىر قىزىقىش ئىچىدە پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن پات-پات سىرتقا ھەۋەس بىلەن قاراپمۇ قوياتتى. ئارىلىقلاردا ئادەملەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ھاجەتخانىلىرىغا كىرىپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. يۈز يۈيىدىغان يەرلىرىچۇ تېخى، دەپ جۈمەكلىرىنى تۇتۇپ باقاتتى. زىخرۇللام ئۈچۈن يولدىكى پۈتۈن نەرسىلەر چوڭ بىر يېڭىلىق ئىدى. شىنجاڭدە غەربىي شىمال قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى 1950 -يىلى 10-ئاينىڭ 20-كۈنى ئېچىلدى. بۇ ئۈچ كۈنلۈك يىغىندا سەھرا ئوغلى زىخرۇللامنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى تولۇق تونۇشتۇرۇلدى. ئاخىردا زىخرۇللام مەملىكەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەھرىمانلار ئۆچرىشىش يىغىنىغا غەربىي شىمال قىسىملىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ تاللىنىپ، باشقا ۋەكىللەر بىلەن بىرگە بېيجىڭغا باردى.

زىخرۇللامىنىڭ بۇ رېئال دۇنياغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. «توۋا، دەيتتى ئۇ ئىچىدە — خىزىر يولۇقتى دېگىنى مۇشۇمىدۇ؟» ئۇنىڭ كەڭ دالالارغا يېرىپ، ئېگىز چوققىلارغا چىقىپ، «ئەي خالايىق، مەن يېتىم ئوغلاق، مەن سەھرالىق داڭگال بوگۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بېيجىڭغا كەلدىم! مەن راستىنلا كەمبەغەللەرنىڭ باش پاناھى، يېتىملارنىڭ ئېگىسى ئۇلۇغ داھىمىز ماۋ جۇشى، قوماندان جۇ دې، جۇ زۇڭلىلار بار يەرگە كەلدىم!» دەپ ۋارقىراپ يىغلىغۇسى كەلدى، لېكىن گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك گەپ قىلالمىدى، زىخرۇللام پۈتۈن دۇنياغا بۇ خۇشاللىقلىرىنى نامايان قىلغۇسى كېلەتتى. كۆزىدىن ئاققان خۇشاللىق ياشلىرىنى توختىتالمايتتى. ئۇ بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، بېيجىڭ شەھىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇ چاغدىكى بېيجىڭنىڭ بىنالىرى ئەڭ ئېگىز بىنالار ئىدى. گۈگۈڭ، يىخېيۇەن قاتارلىق ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا ھەيرانلىقىدىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

ئۇنىڭغا بەك ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قىلغىنى تيەنئەنمېن مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇلۇغ داھىي ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن دۇنياغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان راۋاقنى كۆرۈشى بولدى، ئۇ بۇ چاغدا ھاياجاندىن كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى، كاشكى ئۆز قىسمىدىكى يولداشلارمۇ كەلگەن بولسىچۇ، زىخرۇللام خەنزۇ

تىلىنى بىلمىگەچكە، بۇ خۇشاللىقلاردىن يولداشلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولغۇسى كېلەتتى.

خۇددى ماۋ زېدۇڭ، جۇ دې، جۇ زۇڭلىلار راۋاقتا تۇرۇپ زىخرۇللامغا قولىنى كۆتۈرۈپ "ياخشىمۇسەن!" دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى ۋە بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيلا قالدى.

مۇشۇنداق قىزغىن ھېسسىيات، ھاياجان بىلەن مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، مەيدىسىگە "مەملىكەتلىك 2-دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى" دېگەن ئوردىنى قادىغاندا، كىچىك بالىدەك ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى، كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ئىسسىق ياشلىرىنى توختىتالمىدى.

ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيتتى، خۇددى بىر ياخشى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولدى، ئۇ شەرەپ بىلەن مەيدىسىگە مەملىكەتلىك 2-دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى دېگەن ئوردىنى تاقاپ كەلدى. ساۋادىنىلا چىقارغان، ئوقۇمىغان ئاددىي ئاق كۆڭۈل سەھرا ئوغلىنىڭ ئۇلۇغ ھەم زور تۆھپىسى يەنى ئوردىن ئۇنىڭ مەيدىسىدە كۆزلەرنى چاقنىتىپ ۋاللىداپ، نۇر چېچىپ تۇراتتى. بۇ ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدىغان مەڭگۈ ئۆچمەس بەخت ئىدى، ئەلۋەتتە.

زىخرۇللام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غۇلجا 5-كورپۇس قىسىملىرى ئۇنى ئىنتايىن قىزغىن ئالقىشلاپ چاۋاك سادالىرى ئىچىدە كۈتىۋالدى، سەبداشلىرى خۇشاللىقتا ئۇنى ئاسمانغا ئېتىپ ۋارقىرىشىپ، ئۇشقۇتۇشۇپ كەتتى. بەزىلىرى زىخرۇللامنىڭ بۇ ئۇلۇغ بەختى ئۈچۈن ھاياجان ياشلىرىنى تۆكۈپ قۇچاقلاپ كۆرۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ شەرەپ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە، 5-كورپۇسقا مەنسۇپ ئىدى. ئېزىلگەن ئىشچى-دېھقان ئەسكەر بالىلىرىنىڭ بۇنداق زور شان-شەرەپ كەلتۈرۈشى ئاسان ئەمەس ئىدى. يىللار شۇنداق داۋاملىشىپ 1951-يىلى غۇلجا، ناھىيىلەردە ئىجارە كەمەيتىش، زومىگەر پومېشچىكلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. زىخرۇللاممۇ بىر قىسىم كادىرلار بىلەن غۇلجا ناھىيىسىگە بېرىپ ئىسلاھاتقا قاتناشتى. ناھىيىدە بىر نەچچە كۈن يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى قانداق ئېلىپ بېرىش، سىنىپىي تەركىبىنى قانداق ئايرىش سىياسەتلىرىنى ئۆگەندى. يەنە يەرنى قانداق تەقسىم قىلىش، ئىچكى قورالسىز دۈشمەنلەرگە قانداق قارشى تۇرۇش، خىزمەت جەريانىدا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش ھەققىدە ئىسلاھاتقا قاتنىشىدىغان كادىرلارغا بىرنەچچە كۈن تەربىيە ۋە خىزمەت ئىشلىنىپ، ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن كادىرلار ھەربىر يېزىلارغا بىر-ئىككىدىن تەقسىم قىلىندى، قالغىنىغا دېھقانلار ئاممىسى ئىچىدىكى ئاكتىپ كۆچلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك دەپ ئۇقتۇرۇلدى.

زىخرۇللام ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، يۇمران قەلبىدە نۇرغۇن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى، ساقايماس جاراھەتلەرنى قالدۇرغان ھەم تراگېدىيىلىك ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ئاتا قىلغان شۇنىڭدەك ياشاش ئۈچۈن، سەمىمىي سادىقلىقنى، قورقماس باتۇرلۇقنى، پولاتتەك سۇنماس ئىرادە ئاتا قىلغان ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى ئەڭ چەت، ئەڭ كەمبەغەل قىشلاق تام يېزىسىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، قىشلاق تامغا بېرىپ يەر ئىسلاھاتىغا قاتناشتى.

زىخرۇللامنىڭ قەلبىدە قادىر باينىڭ ئۇنىڭغا ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىگە سالغان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، دادىسى رەھمەتلىكنىڭ تاياق زەربىسىدىن ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشى، ئانىسىنىڭ بىر چىشلەم نان، يىرتىق كىيىم ئۈچۈن قادىر باينىڭ ئائىلىسىدە كېچە-كۈندۈز ھېرىپ چارچاپ ئەمگەك قىلغىنى، زىخرۇللام ئۆزى ياتقان قادىر باينىڭ سامانلىقى، قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقلىرىدا مۇزلاپ-تىترەپ كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگىنى قايتا ئىزھار بولۇپ قادىر بايغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەزگۈچى باي پومېشچىكلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ئاشماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك قادىر بايدەك ھەم ئۇنىڭ يالاقچىلىرىدەك خۇمسىلاردىن ئىنتىقام ئېلىش پەيتى كەلدى دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

بىراق يەر ئىسلاھاتى سىياسەتلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، قەدەم باسقۇچلىرىنى ئەستايىدىل بىلىۋالغاندىن كېيىن، يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەمبەغەل ياللانما دېھقانلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن زىخرۇللامنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ئۆسۈپ، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ شۇنچە باي، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ يىل بويى ئەمگەك قىلىپ يەنە قورسىقى تويمايدىغان گاداي بولۇشى زومىگەرلەر، پومېشچىكلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە تايىنىپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ئارقىسىدا يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدىكى تونۇشى ئۆسۈپ، زومىگەر پومېشچىكلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ باردى. ئۇ ياللانما، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ھال ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىپ، ئۇلاردىن ھال ئەھۋال سوراپ، يېزىدىكى باي پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارغا سالغان زۇلۇمى، بولۇپمۇ قادىر باينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلمىش-ئەتمىشلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ماتېرىياللارنى ئېگىلەپ پىششىق بىلىۋالدى.

سىنىپىي تەركىب ئايرىش خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قادىر باينىڭ قىلمىشى ئەڭ ئېغىر بولغانلىقىدىن تەركىبىي زومىگەر پومېشچىك دەپ ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەر ئىسلاھاتىغا كەلگەن كادىرلار ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قىشلاق تام يېزىسىدا قادىر باينىڭ ئۈستىدىن پاش قىلىش كۆرەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. كۆرەش يىغىنىغا يېزىنىڭ ئادەملىرى تولۇق قاتناشتى. قادىر پومېشچىكنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بۇنىڭغا يىللىقچى ئىشلىگەنلەر، ئورتاق تېرىقچىلىق قىلغان يالالنىما دېھقانلار، يېزىدىكى كەمبەغەل دېھقانلار دەرت ئېيتىشىپ، يىغلىشىپ قادىر پومېشچىكنىڭ قىلمىشلىرىنى يىغا-زارە بىلەن پاش قىلىپ شىكايەت قىلدى.

دەل شۇ چاغدا، زىخرۇللامنىڭ ئۆتمۈشمۇ كۆز ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى باسالماي يۈگۈرۈپ قادىر باينىڭ ئالدىغا بېرىپ، يەرگە ئېگىپ تۇرغان بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

-ھەي پومېشچىك، مەن كىم؟ — دەپ سورىدى.

قادىر پومېشچىك زىخرۇللامغا بىر قاراپلا پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ ئۆزى تەرلەپ كەتتى، چۈنكى بۇ خەلقى ئالەم ئالدىدىكى ۋىجدان سوتى ئىدى.

قادىر باينىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، پۈتۈن بەدىنى توك سوقۇۋەتكەندەك لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. "يارەببىم، نېمە ئىشلاردۇ بۇ؟" دەيتتى قادىر باي ئىچىدە. چۈنكى قادىر باينىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ھېلىقى باجنى تۆلىيەلمەي، بارى يوقى قوزىلىق قويىدىن

ئايرىلغانىنىڭ ئۈستىگە تاياق-توقماق دەستىدىن ئورنىدىن تۇرالماي قان يۇتۇپ ياش ئۆلۈپ كەتكەن نادىرنىڭ ئوغلى، قادىر باينىڭ قوينى باققان، تاياقلىرىنى تولا يەپ، قىشنىڭ دەھشەتلىك ئاچچىق سوغۇقلىرىدا تىترەپ ئاچ-يالىڭاچ ئۆخلىيالمىغان زىخرۇللام ئىدى.

"ياخۇدا، — دەيتتى قادىر باي ئىچىدە ئۈنسىز ئاللاغا نالە-پەرياد قىلىپ، — مەن بەندىچىلىك قىپتىمەن، خۇدايىم راست ھەممە ئىشلارغا شاھىت، مەن تېنىۋالالمايمەن، مەن ھەرقانداق جازاغا لايىق" دەپ ئۈنسىز يىغلاپ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىۋالدى. راست ئۇنىڭ ئالدىدىكى بەندىلەرگە قارىغۇدەك يۈزى قالمىغان ئىدى. ئىككىلا دۇنيادا قارايۈز بولۇۋاتاتتى. بۇ ئىشلار راست شۇنداق ئۆتكەن ئىشلار ئىدى.

زىخرۇللام ئۆزىنى باسالمايۋاتاتتى. چۈنكى بۇنىڭ يۇمران قەلبى ئازار يەپ جاراھەتلەنگەن، ئانىسى گۈلزىرىخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ئاچچىق ياشلار، دادىسىنىڭ قان زەرداپ ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ، شۇ ئازابلىق كۈنلەرنى يەنە باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندەك ئىچى ئاچچىق بولۇپ، بۇرۇنلىرى ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياشلار كەلمەكتە ئىدى.

ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە ئۆزىنى بېسىۋالدى. كەينىدىنلا دېھقانلارنىڭ شىكايەتلىرى بەس-بەس بىلەن قادىر باينىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. "يارايسەن ئوغلۇم! توغرا گەپلەرنى قىلدىڭ، — دېدى 60 ياشلاردىن ئاشقان بىر دېھقان ئورنىدىن تۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن زىخرۇللامغا قاراپ، — سېنىڭ داداڭ قادىر باينىڭ قولى بىلەن قارىياغاچقا باغلىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاتتىق تاياق زەربىسىدىن ياش ئۆلۈپ كەتتى. تېخى ئەمدى قىرىق ياشقا كىرگەن ئىدى، بۇ قادىر باي دېگەن خوسى قانچىلىك كەمبەغەل قېرىنداشلارنى ئۆزىنىڭ قانلىق قامچىسى بىلەن ئۆلتۈرمىدى دەيسەن؟ مۇشۇ ئۆلتۈرغان دېھقانلارنىڭ قانچىمىزنىڭ دۈمبىسىدە ئۇنىڭ قانلىق قامچىسىنىڭ ئىزى يوق دەيسەن؟" دەپ دۈمبىسىنى كۆپچىلىككە قارىتىپ ئېچىپ، ھۆڭ-ھۆڭ يىغلاپ كەتتى. راستتىنلا بوۋاينىڭ دۈمبىسىدە قىر-قىر ئۆيۈپ قالغان قانلىق قامچىنىڭ ئىزلىرى شاھىتلىق سالاھىيىتى بىلەن كۆپچىلىككە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەرھال كۆپچىلىك غەزەپلىرىنى باسالماي يوقالسۇن قادىر بايدەك زومىگەر پومېشچىكلار!" دەپ شوئار توۋلاشماقتا ئىدى. كورەش يىغىنى ئىنتايىن قىزىپ كەتكەن ئىدى. بوۋاينىڭ كەينىدىن يەنە بىرنەچچە دېھقان بەس-بەس بىلەن ئالدىغا چىقىپ قادىر باي ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. بۇ دېھقانلارنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئىسسىق ياشلارنى كۆز يېشى دېگەندىن كۆرە ئۆتمۈشنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، ئېچىنىشلىق، كۈلپەتلىك تۇرمۇشنىڭ دېھقانلار قەلبىدە قالدۇرغان ساقايماس جاراھەتلىرىدىن چىقىۋاتقان قان يىرىڭ دېسە ئوشۇق كەتمەيتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا كۆپچىلىكنى يەنە زىخرۇللام باستى. كورەش يىغىنىمۇ ئاخىرلىشىپ قالغان ئىدى.

— ئاتىلار، ئانىلار، كەمبەغەل قېرىنداشلار، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالايلى، قادىر بايدەك خوسلارنى ئەمدى پارتىيە ئۆزى جازالايدۇ، پارتىيە ئۇلۇغ، ئۇ ھەممىگە قادىر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىزىلگەن ئىشچى-دېھقانلارنى ئازاد قىلغان ئىكەن،

شۇلارنى ئەزگەن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىسسىق قېنىنى شورىغان قادىر بايدەك زومىگەر پومېشچىكلاردىن بىزنىڭ ئىنتىقامىمىزنى ئۆسۈمى بىلەن ئېلىپ بېرەلەيدۇ، — دەپلا كەينىدىن: ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى! ياشىسۇن بىزنى مۇشۇنداق تۇرمۇشقا يەتكۈزۈپ، پومېشچىكلارغا گەپ قىلىشقا، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا جۈرئەت قىلغۇزغان ئۇلۇغ داھىيمىز، ئۇلۇغ ئۇستازىمىز ماۋ زېدۇڭ ! — دەپ شوئار توۋلىدى. دېھقانلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن شوئار توۋلاشتى. ئاخىرىدا زىخرۇللام: "ئۇنداق بولسا بۈگۈنكى كۈرەش يىغىنىمۇ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ھازىر يەر تەقسىملەش خىزمىتىنى باشلايمىز" دېدى.

ئۇ يەنە: "قادىر باي پومېشچىكنىڭ يەر زېمىنىنىڭ ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيىدىن باشقا بارلىق ئۆي، باغلىرى، مال-ۋارانلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ كەمبەغەل دېھقانلار جەمئىيىتىگە بېرىلىدۇ، ئاندىن يەرلىرى مۇشۇ يېزىدىكى كەمبەغەل ياللانما دېھقانلارغا، يېرى يوقلارغا، ماللىرى مېلى يوقلارغا تەڭ تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىدۇ" دېدى. كۆپچىلىك گۈلدىراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە يارايسەن ئوغلۇم دەپ زىخرۇللامنى قۇچاقلاپ تەبرىكلىسە، زىخرۇللام ياشىسۇن بىزگە ھۆرلۈك تۇرمۇش بەرگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى! ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى دەپ شوئار توۋلىغان ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ شوئار توۋلىغاچ بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. مەھەللىنىڭ ئۇششاق بالىلىرى قادىر بايغا داڭگاللارنى ئېتىپ سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ قاچاتتى. ئاخىرىدا يەر ئىسلاھاتى سىياسىتى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن يەر تەقسىم قىلىش باشلىنىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېھقانلار قورساقلىرىنىڭ ئېچىپ كەتكىنىگىمۇ قارىماي كېنى-كېنىدىن ئارغامچا، قوزۇقلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يەر تەقسىم قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ يېزىدا توختاخۇن دېگەن ئەڭ كەمبەغەل دېھقانغا يەر تەقسىملەپ بەرگەندە بۇ دېھقان يەرگە دۈم يېتىپ بىر سىقىپ توپىنى كۆزىگە سۈرتۈپ: "ياشىسۇن ماۋ جۇشى ئاتام! ياشىسۇن بىزدەك دېھقانلارنىڭ قاياشى!" دەپ ھۆڭرەپ يىغلاپ، "مەن بىر ئۆمۈر دېھقانچىلىق قىلىپ، بايلارغا ئىشلەپ ئاچ-يالىڭاچ يۈرۈپ، ئالقانچىلىك يەرگىمۇ ئېگە بولالمىغان ئىدىم. مانا بۈگۈن گوڭشەنداڭ بىز ئېزىلگەن كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ قەددىنى كۆتۈردى. ئەمدى بىزمۇ ئادەمدەك ياشاپ، بايلارغا گەپ قىلالايدىغان بولدۇق" دەپ خۇشاللىق ھەم ئېچىنىشلىق ياشلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىچىك باللاردەك سەكرەپ كۈلەتتى. شۇنداق قاينام-تاشقىنلىق ئىچىدە يەر تەقسىم قىلىش ئىشىمۇ ئىنتايىن مەنىلىك ھەم كۆڭۈللۈك ئاياغلاشتى.

زىخرۇللام يەر ئىسلاھات خىزمىتىگە بىر قارار قاتنىشىپ سىنىپىي ئاڭ سەۋىيىسى ئۆسۈپ، نەزەر دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە بولۇپمۇ سىنىپىي كۈرەشكە بولغان تونۇشى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى. زىخرۇللام يەر ئىسلاھات خىزمىتىنى تۈگىتىپ قىسمىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىسمدا بىر مەزگىل ئىشلىدى.

1953-يىلى شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ بىر قىسمى مۇداپىئە قىسمى، بىر قىسمى ئىشلەپچىقىرىش قىسمى بولۇپ تەشكىللەندى.

زىخرۇللام ئىشلەپچىقىرىش قىسمىغا بۆلۈنۈپ، غۇلجا، سۈيدۈڭ ناھىيە، كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى.

كۆك دالا دېھقانچىلىق مەيدانى ئىلى دەرياسى بويىغا جايلاشقان بۇرۇنقى ساندىخوزادىكى كەڭ كەتكەن ئوتلاق بولۇپ، شىمالىي تەرىپى قورغاس ناھىيىسىگە، شەرقىي-جەنۇبىي سۈيدۈڭ، غەرب تەرىپى ئىلى دەرياسى بويىغا تۇتۇشىدۇ.

1951-يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قىسملار كەڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ ئۆز-ئۆزىنى ئاشلىق، كۆكتات، ماي بىلەن تەمىنلىشى لازىم دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن 5-كورپۇس شتابى قىسىملاردىن زور بىر تۈركۈم جەڭچىلەرنى يۆتكەپ ئەكىلىپ، كۆك دالانى ئېچىش جېڭىنى باشلىۋەتتى.

ئۇ ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، كەتمەن، گۈرجەك، سوقىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، تراكتور يوق ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ جاپاغا چىداپ ئۆزلەشتۈرۈشى ئارقىسىدا ئاخىرى كەڭ كەتكەن ئىلى ۋادىسىدىكى كۆك دالا ئوتلۇقى مۇنبەت تۇپراققا، ئاشلىق، ماي، زىرائەت تېرىيدىغان كەڭ ئېتىزلىرىغا ئايلاندى.

1954-يىلى قىسىملار ئىشلەپچىقىرىش قىسمى ۋە مۇداپىئە قىسمى بولۇپ ئايرىلغاندا 5-كورپۇسنىڭ قىسىملىرى قىسقىراپ، شىمالدا بىر ئاتلىق پولك، جەنۇبتا يەنى قەشقەردە بىر ئاتلىق پولك قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسىملارنىڭ بىر قىسمى كۆك دالانى ئېچىش جېڭىگە قاتناشتى. يەنە بىر قىسمى ھەربىي سەپتىن بوشاپ، ئائىلىسىگە قايتۇرۇلدى.

كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۈەنى قۇرۇلۇپ، غۇلجىدا دېھقانچىلىق 4-دېۋىزىيىسى، كۆك دالا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشلەپچىقىرىش مەيدانى قۇرۇلدى. ھازىرقى 4-دېۋىزىيە 64-تۇەن ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەنە شۇ 50-يىللاردىكى كۆك دالانى ئېچىش خىزمىتىگە تۆھپە قوشقان سابىق مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدۇر.

ھازىر ئەينى چاغدىكى جەڭچىلەر ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ، كۆپچىلىكى پېنسىيىگە چىقتى، ئۇلارنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى يەنە شۇ 64-تۇەندە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

زىخرۇللام شۇ كۆك دالا ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىنىڭ 1953-يىلدىن 1962-يىلغىچە 4-دېۋىزىيە 64-تۇەنىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنلەش بۆلۈمىدە ئىسكىلاتچىلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى.

1962-يىل 12-ئاينىڭ 10-كۈنى يەكشەنبە پۈتۈن ئىلى ئاسمىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان، بۈگۈن ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، دەل-دەرەخلەر سېرىق يوپۇرماقلىرىنى تۆكۈپ يالىڭاچلىنىپ قېلىۋاتاتتى، نېمە ئۈچۈندۇر بۇ بىرەر شۇملۇقتىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك، خاتىرجەمسىز، ئەنسىز كۈن بولغان ئىدى. زىخرۇللام كۈندىكى ئادىتى بويىچە تۇەنىنىڭ ئىبسىل سورتلارنى يېتىشتۈرۈش ئورنىغا بېرىپ، كونا سەپداشلىرى بىلەن قانغۇدەك مۇڭداشتى. كەچمۇ كىرىپ قالدى، ھاۋامۇ قاتتىق ئۆزگىرىپ شىۋىرغانلىق قار يېغىپ كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى.

يامغۇر بىلەن قار ئارىلاش چۈشۈۋاتقاچقا، يەر ئىنتايىن تېيىلغاق بولۇپ، مېڭىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. زىخرۇللام كونا سەپداشلىرىنىڭ "قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، بۇ شىۋىرغانلىق قار كۆزنى ئاچقۇزمايۋاتىدۇ، سەن كېتەلمەيسەن، مۇشۇ يەردە قونۇپ قال" دەپ تۇتقىنىغا ئۇنىماي يولغا چىقتى. تۆيۇقسىز يۈرىكى

ئاغزىغا تىقىلىپ خۇددى كەينىدىن بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك بىر ۋەھىمە سايە تاشلاۋاتقاندەك ئىدى، بۇ قەھرىمان سەھرا ئوغلى ئۆزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە پىسەنت قىلماي يولنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. قار-شۇۋرغان ئەدەپ، قار ئۇچقۇنلىرى يۈزگە ئۇرۇلۇپ، كۆزنى ئاچقۇزمايتتى. كېچە شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدىكى، خۇددى پۈتۈن كائىناتقا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك ئىدى. زىخرۇللام تەبىئەتنىڭ بۇ ئۆزگىرىشى ھەققىدە تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى، نېمىشقا يۈرىكى ئەنسىز تىپىرلايدىغاندۇ؟ راستىنلا بۇ شۇۋرغانلىق كېچىدە ئالىمادىس بىرەر چاتاق چىقىپ قالماس-ھە؟ دەپ ئويلىنىپ كەينىگە قايتماقچى بولۇپ، ئۆرۈلدى-يۇ، لېكىن ئەرلىك غورۇرى ئۇنىڭغا يول قويمىدى. "ياق، مەن قورقۇپ كەينىمگە قايتامدىم؟ ئۇنداق ئەمەس"، شۇنچە قاتتىق ئۇرۇشلاردا جەڭگە قاتنىشىپ، مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى ئىچىدە بېشىنى ئېگمەي كۆتۈرۈپ، مەيدىسىنى كېرىپ بېرىپ دۈشمەن پوتەيلىرىنى پارتلاتقان ئىدى.

ئەمدى مۇشۇ كىچىككىنە تەبىئەتنىڭ جۇدۇنى بىلەن ئېلىشالمامدۇ؟ مۇشۇنىڭدىن قورقامدۇ؟ ياق قورقمايدۇ. "قېنى بۇنىڭ بىلەنمۇ جەڭ قىلىپ باقاي" دېدى-دە، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى، تىمتاس كېچىدە ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

زىخرۇللام مېڭىپ سانائەت ئۆستىڭىدىكى ياغاچ كۆۋرۈككە كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى، بۇ كۆۋرۈكنى ئىلغا قىلىپ بولغۇچە ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى.

ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لاي پاتقاق ئىدى، ئۆستەڭنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىر بولۇپ، بەك تىك بولغاچقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زىخرۇللام ئەجەل بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ ھالىدىن كەتكەندە، ئۈستەڭگە دۈم يىقىلىپ قالدى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە جەبرائىل ئۇنى — شۇ ئۇلۇغ ئىنسانىنى ئىنسانلار ئارىسىدىن ئېلىپ كەتتى.

ئەلۋىدا ئۇيغۇر ئوغلى، ئەلۋىدا ئۇرۇش قەھرىمانى — سەھرا ئوغلى! ۋەدىمىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى، سەن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان چىراغ، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان قەھرىمان ئىدىڭ، سېنىڭ سەزگۈرەشتىلىرىڭ بىزنى قانچىلىك ئازابلىغان بولسا، ئۇلۇغ تۆھپىلىرىڭ بىزنى قالتىس پەخىرلەندۈرگەن ئىدى.

بىز سېنى قورالسىز دۈشمەن قولىدىن، كۆزگە كۆرۈنمەي كەلگەن جەبرائىل چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز قالدۇق! ئەلۋىدا قەھرىمان ئوغلانىمىز، پەخرىمىز — زىخرۇللام!

زىخرۇللامنى ئەتىسى ئىشقا ماڭغانلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېتىپ كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۈستەڭدىن ئېلىپ چىقىشتى، ئاندىن ئەھۋالنى تەشكىلگە ۋە ئائىلىسىگە خەۋەر قىلدى.

بۇ قورقۇنچلۇق شۇم خەۋەر پۈتۈن ئېلى ۋادىسىدا چاقماق چاققاندەك ئاڭلاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان گۈلزىرىخان ئانىنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، پۇت ـ قولىدا جان قالماي، ھوشىدىن كەتتى. ئايالى ۋە ئۇششاق بالىلىرى بۇ تەتۈر پەلەكنىڭ قىسمەتلىرىگە ھەيران بولۇپ، قىيا ـ چىيا قىلىشىپ بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشاتتى، بالىلار "دادا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، بىزگە قاراڭ دادا" دەپ داد ـ پەرياد قىلسا جورىسى: "زىخرۇللام، بۇ نېمە قىسمەتلەردۇر، ئۇششاق بالىلار بىلەن مېنى كىمگە تاشلاپ كەتتىڭىز" دەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلايتتى.

ئانا ئۆزىنى ئېتىپ زىخرۇللامىنىڭ بېشىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان ئىدى. "كۆزۈڭنى ئاچقىنە قوزام، كۆزۈمنىڭ نۇرى. مەن سېنى دەپ يىگىرمە نەچچە ياش ۋاقتىمدىن تارتىپ باي پومېشچىكلارنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، نېنىنى يېقىپ، ئۇستۇم پۇتۇن كىيىم كۆرمەي قىشۇ-ياز يالاڭغىداق ئۆتسەممۇ سېنىڭ كۆزۈڭگە قاراپ شۇ كۈنلەر بىلىنمىگەن ئىدى بالام، سەن مېنىڭ بارلىقىم، بايلىقىم ئىدىڭغۇ بالام. شۇنداق قاتتىق ئۇرۇشلاردا، دۈشمەنلەرگە قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بېرىپ ئۆزۈك قەھرىمان بولۇپ قايتىپ كەلگەنتىڭ بالام، پۇتۇن يۇرتنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنىڭمۇ، مېنىڭمۇ يۈزۈمنى يورۇق قىلغان، داداڭنىڭ روھىنى خۇش قىلغان ئىدىڭغۇ بالام؟ باتۇر ئوغلۇم، ئەمدى سېنىڭ تەقدىرىڭ ئۆستەڭ سۈيى بىلەن ئەسكى كۆۋرۈككە باغلىنىپ بىزنى داغدا قويدۇڭمۇ بالام. ئەلۋىدا كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، ئەلۋىدا يۈرۈكۈمنىڭ پارىسى" دەپ قىلغان نالىسىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايتتى. ئۆزىنى ئۇراتتى، چاچلىرىنى يۇلاتتى. بۇ قاتتىق ئۆلۈمگە مېھرىبان ئانا بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان ئىدى. تەشكىل، رەھبەرلىك، ئەل جامائەت ياخشى نىيەتلەر بىلەن زىخرۇللامىنىڭ ئانىسىغا تەسەللى سۆزلىرىنى قىلدى، ئۆلۈم ئۇزىتىش ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردى. زىخرۇللامىنىڭ نامىزىنى مۇسۇلمانلار قائىدىسى بىلەن چۈشۈرۈپ 64-تۇەننىڭ ئورمان ليەن كۆۋرۈكنىڭ شەرقىدىكى يول ياقىسىغا دەپنە قىلدى. بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن 64-تۇەن پارتكومى زىخرۇللامىنىڭ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى، يارانتقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ۋە ئۇنىڭ مەملىكەتلىك 2-دەرىجىلىك كۈرەش قەھرىمانى بولغىنىنى كۆزدە تۇتۇپ يىغىن ئېچىپ قارار قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com



زىخرۇللامىنىڭ قەبرىسى 64-تۆەن 12-لىيەن مىللىيلار قەبرىستانلىقىغا يۆتكەپ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن يېڭى قەبرە ياساپ ئورۇنلاشتۇردى.

# 2-قىسىم

1949-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار تارقاپ تاڭ يورىدى. شىنجاڭ خەلقى ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشىپ، شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

تاڭ نۇرى ۋە تاڭ قۇياشىنىڭ ئوتتاشتەك نۇرىغا چۆمگەن قەشقەر قىزىل دەرياسى شەرققە قاراپ ئېقىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ قەشقەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن ئىسمائىل مەمەتنىڭ دىلى يايراپ كەتتى. ئۇ ئانىسىغا: «ئانا قاراڭ، تاڭ ئېتىپتۇ» دېدى.

مېھرىبان ئانا چولپاندەك غەمسىز كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىكىپ، خۇشلۇقتىن قىن-قىنىغا پاتمايۋاتقان ئوماق ئوغلىنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ، بالىنى باغرىغا باستى.

—شۇنداق بالام، تاڭ ئاتتى، بۇگۈن ھېچقاچانقىغا ئوخشىمايدىغان ئالتۇن نۇرلۇق تاڭ ئاتتى. خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇپ، مەڭگۈ ئازادلىققا ئېرىشتۈرگۈچى كومپارتىيە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەشقەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئەمدى بىزدەك يېتىم-يېسىرلارنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ،— دېدى بالىنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىيلىغاچ، يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان خۇشاللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياشلىرىنى سۈرتكەن ھالدا.

— ئانا، نېمىشقا يىغلايسىز؟ — سورىدى ئىسمائىل.

— يىغلىمىدىم بالام، بۇ دېگەن خۇشاللىق يېشى، — ئانا ئىسمائىلنى باغرىغا بېسىپ كۈلۈپ كەتتى.

مانا، ئاز ئۆتمەيلا كەنتكە ئازادلىق ئارمىيە خىزمەت گۇرۇپپىسى يېتىپ كەلدى. كەنتتىكى ئېزىلگەن دېھقانلار خۇشاللىقتىن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ: "ياشىسۇن بىزنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرگەن ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى!"، "ياشىسۇن ئۇلۇغ كومپارتىيە!"، "ياشىسۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى!" دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلاپ، ئۇلارنى قارشى ئالدى. ئېزىلگەن دېھقانلار، كەمبەغەللەر مونچاقتەك خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ قارشى ئالغۇچىلار سېپىنىڭ ئالدىغا ئۆتمەكچى بولاتتى.

بىر كۈنى ئىسمائىل مەمەت ئانىسى بىلەن بىللە خەلق ئازادلىق ئارمىيە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاممىنى قوزغىتىش ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھاياجانلاندى.

كىچىككىنە ئىسمائىل كۆز ئالدىدىكى ئىشلاردىن ھەيران بولاتتى ۋە ئۆزىچە ئويلاتتى. بۇ كىشىلەر ئىسمائىل بۇرۇن كۆرگەن خەنزۇلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ ھەيران قېلىۋاتقىنى كۆز ئالدىدىكى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ شەپكىسىدە قىزىل نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرغان كاكار ۋە جەڭچىلەرنىڭ كۈلكە ۋە مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان تەبەسسۇملۇق چىرايى ئىدى.

ئۇ ئۆزىچە بۇ ئىشلارنى چۈشىنىپ قېلىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

كەنتتىكى دېھقانلار ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئۆزلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ فېئودال پومېشچىكلارنى كۆرەش قىلىپ، ئۆي، يەر، زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇققاندا، توققۇز ياشلىق ئىسمائىل مەمەتمۇ يۇرتداشلىرىنىڭ خۇشاللىقىغا جور بولۇپ تايچاقلاردەك قىيىغىتىپ جەڭچىلەرنىڭ قېشىدىن نېرى كېتەلمىدى.

كىچىك چېغىدىلا ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم قالغان ئىسمائىل ئۆتمۈشتە كىچىككىنە ئورۇق قوللىرىنى كىشىلەرگە سۇنۇپ نان تىلەيتتى، بەزىلەردىن تىل ھاقارەت ئاڭلىسا، بەزىلەر نومۇس قىلماي ئىتلارنى قويۇۋېتىپ ئىتقا تالىتاتتى. بەزىلەر تاش-داڭگاڭلارنى ئاتاتتى، ئۇنداق ۋاقىتلاردا كىچىككىنە ئىسمائىلنى ئانىسى باغرىغا بېسىپ قۇتقۇزاتتى.

بەزىدە ئانىسى بىلەن بىرگە قاچاتتى. بەزى ئاز ساندىكى ئادەملەر بالىغا ھېسداشلىق قىلىپ بىرنەچچە تال قاق، جىگدە، بىرەر پارچە نانلارنى بېرەتتى. بەزى زىمىستان سوغۇقلاردا ئاپىسى بىلەن ئاشۇ ئازراق تاپقان نەرسىلەرنى يەپ كېچىلەردە ئانىسى بىلەن خەقلەرنىڭ سامانخانىلىرىدا ياتاتتى، يىرتىق-يالاڭ-يوپۇق كىيىملەر بىلەن پۇتلىرى يېرىلىپ قاناپ كەتكەن ۋاقىتلاردا بۇ كىچىككىنە نارەسىدە پۇتلىرىنى ئانىسىنىڭ قوينىغا تىقىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. لېكىن بىچارە ئانا قانچىلىك خورلۇق تارتسۇن، قانچىلىك ھاقارەتلەنسۇن بالىغا سەزدۇرمەسلىككە تىرىشاتتى.

ئىسمائىل مەمەت ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ، ئازاب-ئوقۇبەتلىك، يوقسۇزلۇق تۇرمۇشقىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئىتنى قوغلىغاندەك قوغلاپ سەت تىللار بىلەن ھاقارەت قىلىشلىرىغىمۇ كۆنۈك بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ يىللاردا ئۇنىڭ ياپراقتەك تىترىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەلبى پەقەت ئانىنىڭ ئىللىق قوينى، مېھرىلىك گەپ-سۆزلىرى بىلەنلا ئەمىن تاپاتتى.

ئېزىلگەن كىشىلەر ئۇزاق بىر قاراڭغۇ تۈندە، قارىغۇدەك تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئاخىرى تاڭ نۇرىنى كۆردى.

سولاشقان ۋە چەيلەنگەن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بوستانلىرى زەم-زەم سۇلار بىلەن سۇغۇرۇلدى. ئىسمائىل ھەر قېتىم خەلق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئۇچراتقاندا، بالىلىق ھېسسىياتى بىلەن شۇنداق ئويلايتتى: مېنى قايتا تىلەمچىلىك قىلغۇزمايدىغانلار، پومېشچىك-بايلارنىڭ ئىتلىرىغا تالاتقۇزمايدىغانلار، زىمىستان قىشنىڭ سوغۇقلىرىدا، بوران-چاپقۇنلاردا توڭدۇرمايدىغانلار دەل مۇشۇلار.

ئۇ "مۇشۇ جەڭچى ئاكىلىرىم بولسا يەيدىغان تاماق، كىيىدىغان كىيىم بولىدۇ. بۇلار بولسا ئانام ئىككىمىزنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ" دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن زوقلىنىپ قاراپ قالاتتى، ياكى ئۇلارغا ئەگىشىپ ئەركىلەپ ئۇلار بىلەن بىللە مەغرۇر ماڭاتتى.

توققۇز ياشلىق گۆدەك سەبىي ئىسمائىل خۇددى سولاشقان مايسا سۇغا قانغاندەك خۇشال بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيىگە چىن كۆڭلىدىن مۇھەببەت باغلىدى.

ئۇنىڭ نەزىرىدە ئازادلىق ئارمىيە — ئاتىسى، بېشىنى سىلايدىغان باش پاناھى ھەم خۇشاللىقى، بايلىقى ئىدى. ئۇلاردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىپ قالغۇسى كەلمەيتتى.

خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە كادىرلار ماۋجۇشىنىڭ رەسمىنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چاپلىغاندا، ئۇ

شۇ جەڭچىلەرگە قوشۇلۇپ "شەرق قىزاردى" ناخشىسىنى با ۋازى بىلەن ئېيتتى.

ئىسمائىل مەمەت ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىگە كۆن بويى قاراپ تويمايتتى. تاماق يەۋېتىپمۇ، چاي ئىچىۋېتىپمۇ خۇددى بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىگە بىر قاراۋېتىپ، ئاندىن يۈگۈرۈپ كېلىپ تاماق يەيتتى. بۇ ئۇنىڭ يۇمران قەلبىدىكى پارتىيىگە، ماۋجۇشىغا بولغان ئوتلۇق چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ قەلبىدە "مەنمۇ چوڭ بولۇپ چوقۇم ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى بولىمەن" دەيدىغان بىر مەسۇم غايە ۋە ئارزۇ ئاستا-ئاستا بىخ ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئاڭلىغان ئانا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: "توۋا، بۇ ئىشلارغۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، لېكىن بۇ ئىشلار ئوڭۇمىزمۇ؟ چۈشىمىزمۇ؟ كونا جەمئىيەتتە بىز بۇنداق پېشانىمىزگە بەخت قۇشى قونۇشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتۇق، شۇنچە كەڭرى زېمىن تۇرۇپ بىز كەمبەغەللەرنىڭ ئالقانچىلىك يېرىمىز، كېچىسى كىرىپ ياتىدىغان ئۆيىمىز يوق ئىدى. ئەگەر كومپارتىيە ۋە ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى بولمىغان بولسا بۈگۈنكى خۇشاللىق كۈنلەر بىزگە نەدە ئىدى؟ بىز قانداق ھالغا چۈشۈپ قالاتتۇق — ھە" دەيتتى بالىسى بىلەن مۇڭدىشىپ. ئىسمائىل مەمەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: "ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئىشلارنى مەن ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن" دەپ ئانىسىغا ۋەدىلەرنى بېرەتتى.

ئىسمائىل باي-پومېشچىكلارنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن شۇملۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىقىپ تۇرغان قورقۇنچلۇق كۆزلىرىنى، بايلارنىڭ غالجىرلىشىپ كەتكەن ئىتلىرىنى، يومران بەدىنىدىكى جاراھەت ئىزلىرىنى، نازۇك قەلبىدىكى ساقايماس-پۈتمەس يارىلارنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن!

بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى — ئىسمائىلنى كۆز ئالدىدىكى چاقناپ تۇرغان رېئاللىق تۇرمۇش بىلەن مەكتەپ ھاياتى ئاستا-ئاستا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ سېلىشتۇرمىسى كىنو لېنتىسىدەك بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. بۇ مەسۇم بالىنىڭ ھاقارەتلەنگەن قەلبى، جاراھەتلەنگەن، خورلانغان جىسمى، ئانىنىڭ ئۆز ئائىلە تارىخىنى ھېكايە قىلىپ بېرىشى، ئوقۇتقۇچىنىڭ قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلىرى بۇ ئوت يۈرەك تىرىشچان بالىنىڭ سەبىي قەلبىدە سىنىپىي ئۆچمەنلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

1956-يىلى 15 ياشقا كىرگەن ئىسمائىل كۆڭلىگە چوڭ ئىشلارنى پۈكۈپ يېزا ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، سىنىپىي كۈرەش دولقۇنىدا يەنىمۇ مۇكەممەل چېنىقتى ۋە ئۆستى. شۇ چاغدىكى ياۋاغ كەنتىدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئوخشاش، كوپېراتسىيە ھەققىدە ئىككى يول، ئىككى لۇشيەن كۈرىشى داۋاملىشىۋاتاتتى.

پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشتىكى باش لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەملىكىتىمىزدە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكى يولغا قويۇلۇپ، يەككە ئىگىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. لېكىن بەزىلەر كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن سوتسىيالىزمغا غالجىرلىق بىلەن قارشى تۇرۇپ،

يۇقىرىدىن-تۆۋەنگىچە كوپېراتسىيىنى تارقىتىۋېتىش تەتۈر شامىلىنى چىقاردى، بۇ تەتۈر شامال ياۋاغ كەنتىگە كەلگەندە، پومېشچىك، باي دېھقانلار خوشال بولۇشۇپ "كوپېراتىپ قۇرۇلۇپ ياخشى بولمىدى" دەپ ئېغىۋا تارقىتىشتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى سەزگەن كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قەتئىي ھالدا ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بېرىپ: "كوپېراتىپ ئالتۇن كۆۋرۈك، ياخشى، بەك ياخشى" دېيىشتى.

ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئوغلىغا:

— بالام چاتاق بولدى، ھېلىقى ئۆلگۈر پومېشچىكلار كوپېراتسىيىنى تارقىتىۋېتىدىكەن، دەپ ئىغۋا تارقاتقىلى تۇردى، — دېدى.

— كىم؟ — سورىدى ئىسمائىل مەمەت ئانىسىدىن جىددىي ھالدا.

— يۇسۇپ توختى، — دېدى ئانىسىمۇ دەرھاللا.

— ئانا، — دېدى ئىسمائىل مەمەت، — كوپېراتىپ بىز كەمبەغەللەرنىڭ باش پاناھى، پومېشچىكلارنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس. ئۇلار دىلى زەھەر چايانلار، قارا نىيەتلەر. ئۇلار بىزنى يەنە ئازادلىقتىن بۇرۇنقى جاپالىق ئېغىر كۈنلەرگە قويماقچى.

ئانا بالىغا بىلىندۇرمىگەن بىلەن كۆڭلىدە قاتتىق تەشۋىشلىنىۋاتاتتى. ئىسمائىل ئانىسىنىڭ روھىي ھالىتىنى سەزگەندەك قاتتىق غەزەپلىنىپ: "كۈن غەربتىن چىققاندا شۇنداق بولار، قېنى بىز كۆرۈپ باقايلى" دېدى. ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك تىت-تىت بولۇۋاتاتتى، قەلبى قاتتىق ئازابلىنىپ ياتقان ئورنىدا ئۇ ياق-بۇ ياققا مىدىراپ ئۇخلىيالمىدى. دادىسىنىڭ جان ئۈزۈش

ئالدىدىكى پاجىئەلىك قانلىق كۆرۈنۈشلەر، ئاچ-يالىڭاچ تىلەمچىلىك قىلىپ، خەقلەردىن ھاقارەت ئاڭلاپ، تاياق يەپ، ئىتلارغا تالىنىپ ئۆتكەن ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق ھاياتى، بەزىدە نەچچە كۈنلەپ ئاچ ئۇخلىيالماي ئۆتكۈزگەن كېچىلەر، ئىسسىق، تويغۇدەك تاماق يەپ باقمىغان نارەسىدە ۋاقىتلىرى كۆڭۈل ئېكرانىدىن كىنو لېنتىسىدەك بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىپ قېنىنى قىزىتىۋەتتى.

ئۇ خۇددى بەزگەك ئادەمدەك تىترەپ، چىشلىرى كاراسلاپ كەتتى. مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلۈپ، كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتلىرى يېنىپ كەتتى. "كوپىراتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر تىزگىنلەندى. ئۆتمۈش بولغان بولسا، يەنە قانچىلىك كەمبەغەللەر ئۆي ماكانىدىن ئايرىلىپ، ئاچ-يالىڭاچ كىشىلەرگە قولىنى تەڭلەپ، سەرسانلىق كوچىسىدا يۈرەر ئىدى؟" دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە.

ئىسمائىل مەمەتنىڭ خىياللىرى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ توسقۇنىغا ئۇنىماي ياچېيكا شۇجىسىنى ئىزدەپ ماڭدى. ئىسمائىل مەمەت يېرىم ئايدەك ئۆيمۇئۆي ئارىلاپ يۈرۈپ، پومېشچىكلار تارقاتقان پىتنە-ئېغۋالارنى تەكشۈرۈپ ئىشەنچلىك ماتېرىيالغا ئىگە بولدى.

ئۇ كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ: "كوپىراتىپنى تارقىتىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ" دېگەن كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئاڭلىدى. ئەزالار چوڭ يىغىنىدا، ئىسمائىل داۋاملىق پومېشچىك يۈسۈپ توختىنى نازارەت قىلىپ تۇردى. پومېشچىك يۈسۈپ توختى

ھىيلىگەرلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىچارىلەرچە قىياپەتتە ياردەم تەلەپ قىلغاندەك بىردەم ئۇنىڭغا، بىردەم بۇنىڭغا تىكىپ تۇراتتى.

بۇنى كۆرگەن ئىسمائىل مەمەتنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ-نەپرەت تېخىمۇ كۈچەيدى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پومېشچىك يۇسۇپ توختىنىڭ ياقىسىنى سىقىپ: ”ھەي ئەبلەخ! سەن ئاتخانىغا بېرىپ، تۇرسۇن تاغىغا ئات-كالا، ئون نەچچە مو يېرىڭگە تايىنىپ ئىشلىسەڭ، سەندەك ئوتتۇرا دېھقانىنىڭ ئامبىرى ئاللىقاچان ئاشلىققا تولغان بولاتتى، كوپېراتسىيىدە ساڭا مۇنداق ئامەت نەدە تۇرۇپتۇ، دەپسەن. يەنە كەمبەغەل ئانارخان ئاچىدىن يەر ئىسلاھاتىدا تەقسىم قىلىنغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بوپسەن، ۋۇي قارا يۈز ئەبلەخ“ دەپ ئۇنىڭ يۈزى غەزەپتىن شالپەردەك قىزىرىپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ ئاچچىقتىن پۈتۈن ئەزايى تىترەپ، پومېشچىكنىڭ ياقىسىدىن ئالغان قوللىرى ئامبۇردەك چىڭ قاماللاپ باراتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارىچە بولسا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا پومېشچىكنى نەچچە پۈكلەپ چەيلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ئىسمائىل مەمەت يۇسۇپ توختىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ: ”ھەي ھىيلىگەر، سەن كۆزۈڭنى ئېچىپ قاراپ باققىنا، سەن بۇلارنى يەنە يىللىقچى قىلىپ، قېنىنى شورىماقچىمۇ؟ سېنىڭ كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى، قانلىق كۆز ياشلىرى بەدىلىگە يايرىغان جەننەتتەك كۈنلىرىڭ ئەمدى كەلمەسكە كەتتى! سېنىڭ ئەمدى يەنە ھىيلە مىكىر ئىشلىتىمەن دېگىنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ!“ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۈرۈتى ئەمدى خەت تارتقان ئىسمائىل مەمەتنىڭ پىلىموت ئوقلىرىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان غەزەپ-نەپرەتلىك سۆزلىرى يۇسۇپ توختىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋەتكەندى. پومېشچىك يۇسۇپ توختىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ پۈتۈپ ئەزايى بەزگەكتەك تىترەپ، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەس بولۇپ قېتىپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ بۇ ھەقىقەتلەر ئالدىدا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ! ئىسمائىلمۇ پۈتۈن غەزەپ-نەپرىتىنى چىقىرىۋېتىپ ئۇھ، دېگەندەك بولدى.

بۇ چاغدا پېشقەدەم شۇجى ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ: — يولداشلار، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، پىيازنىڭ ئىچى ئاچچىق بولىدۇ، پومېشچىكلارنىڭ يەنى ئەزگۈچىلەرنىڭ كۆڭلى قاتتىق، دىلى زەھەر كېلىدۇ، — دەپ كۆپچىلىككە بىر قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ماۋجۇشى ئېچىپ بەرگەن يول داغدام ھەم پارلاق يول، بىز پەقەت ئىتتىپاقلىشىپ تەشكىللىنىسەكلا يۇگۇگدەك تاغلارنى يۆتكىيەلەيمىز، دېڭىزنىمۇ تىندۇرۇۋېتەلەيمىز، پومېشچىكلارنىڭ كوپىراتسىيەنى تارقىتىۋېتىش غەرىزىدە بولۇشى، بۇرۇنقى راھەت-پاراغەتلىك كۈنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇشى قۇرۇق خام خىيال. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئېزىلگەن دېھقانلار ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئالدانماسلىقىمىز كېرەك. ئىسمائىل مەمەت سۆز قىستۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ ئەبلەخنىڭ غەرىزىنىڭ يامانلىقىنى بۇرۇنلا

بىلگەنىدىم، چۈنكى بۇنىڭ ئوي-خىيالى، ماڭغان يولى بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز، ئوي-خىيالىمىز بىلەن بىر يەردىن چىقمايدۇ،— ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئىسمائىل مەمەتنىڭ مەلۇماتى يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشنىڭ ئېگىز-پەس يوللىرىدا مېڭىپ، زىمىستان قىشلاردا، تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئاپتاپلىرىدا ئاپىسىنىڭ ئېتىكىنى چىڭ تۇتۇپ، يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ جانسىز قوللىرى بىلەن كىشىلەردىن سەدىقە تىلەپ گاھى تاياق يەپ، گاھى قوغلىنىپ، گاھى ھاقارەتلىنىپ يۈرگەنلىرى، تۇرمۇشنىڭ ئەنە شۇ سىناقلىرى ئۇنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئاق-قارىنى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغان ئىدى. ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئازاب-ئوقۇبەتلىك، تۇرمۇش يوللىرى، باي-كەمبەغەللىك سېلىشتۇرمىلىرى ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى.

چۈنكى ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى كەمبەغەللەرنى ئېزىپ سەرسانلىق كوچىسىغا سېلىپ، زار-زار يىغلاتقان يۈسۈپ توختىدەك مۇغەمبەرلەرنى ئوبدان چۈشەنگەن ئىدى. شۇنداقلا كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايسى يول بىلەن مېڭىشى كېرەكلىكىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى. ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭغا يامانلارغا غەزەپ-نەپرەت، ياخشىلارغا مۇھەببەت باغلاشنى ئۆگەتكەن ئىدى.

شۇ يىلى، ئىسمائىل مەمەت شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا قوبۇل قىلىندى. بۇ جەرياندا خىزمەت گورۇپپىسىدىكى كادىرلار ئىسمائىل مەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھەجەرخان ئانىدىن ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئائىلە ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىسمائىل مەمەت 1940-يىلى قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ياۋاغ كەنتىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

ياۋاغ كەنتى يېڭىسار ناھىيىسىدىكى نامرات كەنت بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە دەھشەتلىك ئېزىشى تۈپەيلىدىن، 15 ئۆيلۈك كەمبەغەل دېھقان ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئىسمائىل مەمەتنىڭ ئائىلىسىدە پەقەت بىر ئېشەكتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. دادىسى پومېشچىكلارغا ئىشلەيتتى.

ئازادلىقتىچە بۇلار قورسىقى تويغۇدەك تاماق، ئۇچىسى ئىللىغۇدەك كىيىم كىيمىگەن ئىدى.

كىچىككىنە ئىسمائىل يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ئۆزلىرى شۇنداق كەمبەغەل بولسىمۇ، بۇ ئەر-خوتۇن ئىككىسى خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. بۇلار ئۇ چاغدا يوقسۇزلۇقنى ئويلىمىدى. چۈنكى ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھەم بارلىقى، ھەم بايلىقى پەقەت ئىسمائىل ئىدى.

ئانا ئۆزىنىڭ يىرتىق كۆينىكىنى يىرتىپ بالىنى يۆگىدى. ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ قاتتىق يىغلىدى. لېكىن بۇ خۇشاللىق يېشى بولسىمۇ، خۇشاللىقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان يوقسۇزلۇق، ئېزىلىش، خورلىنىشلارمۇ شۇ ياشلار بىلەن بىللە يۇغۇرۇلۇپ ئېقىۋاتاتتى. ئاتا بولغۇچى كۆزىگە كەلگەن ئاچچىق ھەسرەتلىك ياشلارنى ھەجەرخان ئانىغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بالىنى ئايالىنىڭ قولىدىن ئېلىپ سۆيۈپ باغرىغا باستى. بايىقى كۆزدىن ئاققان ئاچچىق ياش بالىنىڭ مەڭزىگە تېمىۋىدى، بالا

ئەندىكتى، مەمەت ئاخۇن دەرھال ئۆزىگە كەلدى-دە، بالىنى ھەجەرخانغا سۇنۇپ بالا ماڭا ئوخشاپتۇ، لېكىن مەندەك جاپاكەش بولۇپ قالمىسا، دەپ يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ، گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىۋالغاندەك بولدى-دە، ئاستا تالاغا چىقىپ كەتتى.

زىرەك ھەجەرخان بۇنى چۈشەنگەن ئىدى. "ئىلايىم بىزدەك يوقسۇل بولۇپ قالماس" دەپ ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى-دە، بالىنى يېنىغا ياتقۇزدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇلارنىڭ ئۆيىدە خۇددى يورۇقلۇق پەرىشتىسى كىرىپ قالغاندەك، بۇ ئۆزى كەمبەغەل، كۆڭلى باي ئەر-خوتۇنلار ئۆزلىرى ئاچ-يالىڭاچ بولسىمۇ بالىغا يېگۈزۈپ-كىيگۈزۈپ، بۇ دۇنيادىكى قايغۇ-ھەسرەت، يوقسۇزلۇقنى بالىغا بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن بارلىقىنى بالىغا ئاتاپ چوڭ قىلىۋاتاتتى. شۇنىڭغا يارىشا ئىسمائىلمۇ ئەقىللىق، زېرەك، چېچەن بالا بولۇپ ئۆسۈۋاتاتتى.

ئىسمائىل ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئۇلارنىڭ يۇرتى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قۇرت ئاپىتىگە دۇچ كەلدى. بىچارە دېھقانلارنىڭ قان تەرى بەدىلىگە راسا ئوخشاپ يېتىلگەن زىرائەتلەرنى قۇرت ئاپىتى ۋەيران قىلىۋەتتى. ساق قالغان ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسى پومېشچىكلارنىڭ ئامبىرىغا كىرىپ كەتتى.

دېھقانلار كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد-ئەلەم چېكىپ، كۆزلىرىدىن قان-يىرىڭ ئاققۇزۇپ ئاھ ئۇرۇشاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈسۈپ توختى پومېشچىكنىڭ ئامبىرىغا ئوغرى كىرىپ بىر خالتا بۇغداينى ئوغرى ئەپكەتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان ياۋۇز ۋەھشىي يۈسۈپ توختى بۇنى مەمەتكە ئارتىپ، ھەممىلا ئەلىمىنى مەمەتتىن چىقارماقچى بولدى-دە، كۆپچىلىكنى يىغىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەمەتنىڭ بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ يول قويماستىن قانلىق قامچىسىنى ئوينىتىپ مەمەتنىڭ باش-كۆز، دۈمبىلىرىگە قاتتىق ئۇرۇپ تىلىم-تىلىم قىلىۋەتتى. ھەتتا ئۇنى يەرگە دەسلاپ، تېپىپ ئۇراتتى. مەمەتنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلىنىپ يېتىپ قالغاندا ئاندىن بولدى قىلدى. ھەجەرخان بىلەن كىچىككىنە ئىسمائىل مەمەتنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى تاشلاپ داد-پەرياد، ئاھۇ رازى پەلەككە يەتكەن بولسىمۇ ھېچكىم ئۇلارغە تەسەللىي بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

يۈسۈپ توختى بۇغدايىنى مەمەتنىڭ ئالمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ كۆپكە ئىبرەت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ قاتتىق مۇجۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ بىچارە، ساددا ئاق كۆڭۈل دېھقان مەمەت داد-پەريادى پەلەككە يەتكەن مېھرىبان ئايالىنى ۋە ئوماق ئوغلىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالماي، بۇ تراگېدىيىلىك، شەپقەتسىز، ئازاب-ئوقۇبەتلىك تەڭسىز دۇنيا بىلەن ئۇن-تىنسىز خوشلاشقان ئىدى.

ئۇ ئانا-بالىنىڭ داد-پەرياد قىلىپ ئۆزى بىلەن تەڭ قانغا بويىلىپ يىغلاشلىرىنى ئاڭلىمىدى. ئوماق سەبىي ئوغلىنىڭ بۇدرۇق كىچىككىنە قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ قانغا مىلەنگەن يۈزلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ: "دادا، دادا، سەن نېمە بولدۇڭ، كۆزۈڭنى ئاچ دادا" دەپ تاتلىق تىللىرى بىلەن چاقىرىشلىرىنىمۇ، ئاھۇ-زارلىرىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى.

بۇ رەھىمسىز رېئاللىق كىچىككىنە نارەسىدىنىڭ نازۇك قەلبىدە ئۆچمەس ئىز، ساقايماس جاراھەت قالدۇردى، خالاس.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەجەرخان ئانا قان-قان يىغلاپ تاڭلارنى ئاتقۇزۇپ ئۆزىگە ئىسمائىلدىن باشقا ھېچنەرسىسىنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلدى. يۇسۇپ توختى ھەجەرخان ئانىنىڭ كۆزىدىن قۇرۇماس بۇلاقتەك ئېقىۋاتقان كۆز ياشلارنى كۆرۈپ، ھېچقانداق ئامال قىلالماي ئاخىرى ئۆيدىن ئانا بالىنى قوغلاپ چىقاردى.

بۇ يېتىم-يېسىرلارنىڭ يە بىرەر تۆشۈكى، يە بىر قازان-قومۇچى، ياكى بىر چىشلەم زاغرىسى ياكى باشپاناھ بولغۇدەك ئادىمى يوق ئىدى. بۇلارغا بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئازاب-ئوقۇبەت، جەۋر-جاپالاردىن باشقا ھېچ نەرسە ئاتا قىلمىدى.

ياش تۇرۇپ رەھىمسىزلەرچە تۇل قالغان ئانا بىلەن ئۈچ ياشلىق ئىسمائىل، ئىشىكمۇئىشىك يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىپ، ئاچ-يالىڭاچ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلاپ، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق، جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇش دېڭىزىدا لەيلەپ يۈردى.

تۇرمۇش دولقۇنلىرى ئۇلارنى ھېلى ئۇياققا چايقاپ چىقارسا، ھېلى بۇياققا چىقىراتتى. "ئانا، قورسۇقۇم ئېچىپ كەتتى، توڭۇپ كەتتىم، پۇتۇم قاناپ كەتتى، ماڭالمايۋاتىمەن" دېگەن بالىنىڭ جانسىز، ئۈمىدسىز ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئانا يۈرىكىگە خەنجەر سانجىلغاندەك تولغۇنۇپ كېتەتتى. نەگە بارسۇن، كىمگە دېسۇن، ئاللاھنىڭمۇ ھازىرچە ئىچى ئاغرىمىغاندەك ئىدى. ئانىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، قۇلاق تۇۋىدە ئېچىنىشلىق داد-پەرياد بولۇۋاتقاندەك ئۇلتۇرۇپ قالاتتى. ئىلاجسىز، موھتاجلىق چىقىپ، ياش ئېقىپ تۇرغۇن كۆزلىرىنى ئوغلىغا تىكىپ، "بالام جېنىم قوزام" دېگىنىچە بالىنى باغرىغا بېسىپ يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياشلارنى تۆكەتتى. تۆت ياشلىق نارەسىدە ئىسمائىل مەمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



جاپا-مۇشەققەتلىك، ئاھۇ زارلىق تۇرمۇش بۆشۈكىدە جان تالاشماقتا ئىدى. ھاياتلىق ئۇچۇن ئانا بىلەن بىللە كىچە ۋە كۈندۈز كۈرەش قىلماقتا ئىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئانا-بالا ئىككىيلەن قارلىق دالا، قومluق يېزىلاردا بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىزلارنى قالدۇرۇپ، كىشىلەر ئىشىكىدە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈردى. ئۇلار تومۇز كۈنلەردە پاشا-چىۋىنلەرگە يەم بولۇپ ئېتىزلاردا ئۇخلىسا، قىش كۈنلىرى كالا ئېغىلى ۋە قوي قوتانلىرىدا ھايۋاندىن بەتەر ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بىراق ھەرقانداق ھايۋان ۋە ئىتنىڭمۇ ئىگىسى بار ئىدى. پاناھلىنىدىغان ئېغىل-قوتانلىرى بار ئىدى. بۇ سەرگەردان ئانا، باللارنىڭ بىر-بىرىدىن باشقا نە قونالغۇسى، نە تاماق بېرىدىغان ئىگىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ بەدىنىدە پاشا-چىۋىن ھەم تاياقنىڭ ئىزى قالغان بولسا، قەلبىدە مەڭگۈ ساقايتقىلى بولمايدىغان جاراھەت ئىزى قالغان ئىدى.

بۇ ئانا-باللارنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىغا كىممۇ دىققەت قىلسۇن، بۇلارغا كىم ئىچ ئاغرىتسۇن؟ بەزى كوچىلارغا بويىنىنى قىسىپ، قولىنى سوزۇپ كىرگەندە، بەزى چوڭراق باللار ئۇلارغا تاش، داڭگاللارنىمۇ ئاتاتتى. تېخى ئۇنى ئاز دەپ بەزى باينىڭ كۆرەڭ باللىرى ئىتلىرىنى بۇلارغا قويۇۋېتىپ، ئىتلىرىغا تالىتىپ بۇلارنىڭ يەنى كىچىككىنە نارەسىدە بىلەن ئانىنىڭ قىيا-چىيا قىلىپ قاچقاندىكى ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشەتتى.

ئاخىرى تولا يىغلاۋېرىپ، ئانىنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ قۇرۇپ كەتتى. بۇلار ئەنە شۇنداق گاھى ئاچ-گاھى توق، گاھ يىقىلىپ-گاھ ئورنىدىن تۇرۇپ يېتىلىشىپ يۈرۈپ يەتتە يىلنى ئۆتكۈزدى.

بۇ يەتتە يىل كىچىككىنە ئىسمائىلنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇردى. بىراق ئۇ يەنىلا كىچىك بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ نېمىشقا بۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە مەھكۇم بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى تولۇق چۈشەنمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ مۇدھىش ئېغىر كۈنلەر ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىگە ئەزگۈچى سىنىپلارغا يەنى پومېشچىكلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچقان ئىدى.

بالا كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولۇپ ياخشى بىلەن يامانىنى، نامرات بىلەن باينى سېلىشتۇرالايدىغان، ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەتكە چىدىيالايدىغان قورقماس، ئىرادىلىك بولۇپ ئۆسۈۋاتاتتى...

1952-يىلى ئىسمائىل مەمەت 12 ياشقا كىرگەندە، ياۋاغ كەنتتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى ۋە 1960 -يىلىغىچە مەكتەپتە ئوقىدى. بىر كۈنى ئىسمائىل تۇيۇقسىزلا ئانىسىغا: "ئانا، مەن چوڭ بولسام ئەسكەر بولىمەن" دېدى. ئىسمائىل مەمەتنى كىنولاردا كۆرگەن كۈرەش قەھرىمانى دۇڭ سۇڭرۇيدەك ۋەتەن-خەلقىنىڭ بەختى، تىنچلىقى، ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇنى "ئاشۇنداق قەھرىمان بولۇش پۇرسىتى ماڭىمۇ كېلەرمۇ؟" دېگەن ئىستەك ھەمىشە ھاياجانغا سېلىپ، كېچە-كېچىلەپ ئۇخلىماي تاڭلارنى ئاتقۇزاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئىسمائىل ئۇرۇش كىنولىرىنى ۋە ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن كىتابلارنى قىزىقىپ ئوقۇپ، قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن چەكسىز ئىلھام ئالدى ۋە ئۇلاردىن پەخىرلەندى. ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭغا ئېيتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇگەتكۈسىز كۆچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋاغ دادۈيىنىڭ ياچېيكا شۇجىسى يولداش ھۈسەيىن ھەسەن ئىسمائىل مەمەتكە دائىم ئۆز ئاتىسىدەك غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا پارتىيىگە يارامىلىق ئادەم بولۇش ھەققىدە تەربىيە بەرەتتى.

يولداش ھۈسەيىن ھەسەن ئىسمائىل مەمەتكە يەنە ئۆزىنىڭ كونا جەمئىيەتتە تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، ماۋجۇشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ھەققىدە دائىم تەربىيە بېرىپ تۇراتتى.

ئىسمائىل مەمەت يولداش ھۈسەيىن ھەسەنىڭ ئىلھام بېرىشى ئاستىدا، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ، مەن كونا جەمئىيەتتە گۆدەك ئىدىم، كونا جەمئىيەتتە پەقەتلا ئانامنىڭ مېنى يېتىلەپ، تىلەمچىلىك قىلغىنى ئېسىمدە، لېكىن فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ئاتام بىلەن ئانامنى قانداق ئەزگەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ شىللىسىگە مىنىپ، ئۇلارنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنلىكىنى تازا بىلمەيتتىم. ئەمدى بىلدىمكى، ئاتا-ئانىلىرىم، ئەجدادلىرىمىز ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ ئېزىلىپ كەلگەن دېھقان ئىكەن، ئۇلار كېچە-كۈندۈز جاپا تارتىپ ئىشلەپ قورسىقى تويماي، يىرتىق كىيىملەر بىلەن بىرى ئىككى بولماي، پومېشچىكلارنىڭ يېرىگە ئىشلەپ ئۇلاردىن ھاقارەت ئاڭلاپ، تاياق يەپ ئۆتكەن ئىكەن. فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى ئاغدۇرۇپ تاشلانمىغىچە بىزگە ھاياتلىق يولى يوق ئىكەن، دېگەن ئۇيغا كەلدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسمائىل مەمەتنىڭ دۈشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئىسمائىل ئىنتىپاق ياچېيكا شۇجىسى ئەزىز ئەبەيدۇللانىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆزلىكىدىن تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئاكتىپ ئىشلىدى. شۇنىڭدەك كوللېكتىپ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئەكسىلئىنقىلابچى بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا قارشى قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلدى.

1957-يىلى ياۋاغ مەھەللىسىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان غوپۇر قارى ئوغرىلىقچە قوي سويۇپ سېتىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتىن، رەھبەرلىك ئىسمائىل مەمەتكە غوپۇر قارىدىن جەرىمانە ئېلىشنى تاپشۇردى. غوپۇر قارى ئىسمائىل مەمەتكە پۇل بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىشقا ئۇرۇنغاندا، ئىسمائىل بۇ ئەھۋالنى تەشكىلگە مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ سۇيىقەستىنى ئەترەت يىغىنىدا ئېچىپ تاشلىدى. بەزى بۇزۇق ئۇنسۇرلار كەنتتىكى بەزى ئەزالارنى كوپىراتسىيىنى تارقىتىۋېتىشكە قۇتراتقاندا، ئىسمائىل مەمەت بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلمىشلىرىنى ئەزالار ئالدىدا پاش قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق تەنقىدلىدى.

ئۇ دېھقانلارغا كوپىراتسىيىلىشىش يولىدا مېڭىپ، ھەممە ئادەمنىڭ بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلدى.

بىر قېتىم ئەزالار ئەترەتنىڭ بوغالتىرلىقىغا ئىسمائىل مەمەتنى كۆرسەتتى. رەھبەرلىك ئىسمائىل مەمەتنىڭ كىچىك، ھېسابات ئىشىنى قىلىپ كۆرمىگەنلىكىنى ئويلاپ ”قانداق بولار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



« دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، كۆپلىگەن ئەزالار ئىسمائىل مەمەت بوغالتىر بولسا ئادىل ئىشلەيدۇ، ئۇ ئەقىللىق بالا، دەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

ئەزالارنىڭ پىكرى بويىچە، ئىسمائىل مەمەت ئەترەتنىڭ بوغالتىرى بولدى. ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەمگەك نومۇرلىرىنى قالدۇرماي خاتىرىلەپ ماڭدى ۋە ئەزالارنىڭ ھەر ئايدىكى نومۇرىنى دوسكىغا يېزىپ كۆرسىتىپ تۇردى.

ئۇ خىزمەتنى ئىنتايىن ئەستايىدىل، سەمىمىي ئىشلىگەچكە، ئەزالار ئۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولدى، ئۇ بىر تەرەپتىن بوغالتىرلىق قىلسا، بىر تەرەپتىن ئەزالار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلاتتى. كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلىسە، كېچىسى ھېسابات ئىشلىرىنى كۈن ئۆتكۈزمەي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىدى، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىدىن بىرەر قېتىممۇ زارلىنىپ باقمىدى.

1958-يىلى، داۋۇيدىكى ئەزالار پولات تۆمۈر تاۋلاشقا چىقىپ كېتىپ، ئەترەتنىڭ ئېتىز-ئېرىق، يىغىم-تېرىم ئىشلىرى ئىسمائىل مەمەت بىلەن بىر نەچچە موماي-بوۋايغا قالدى. ئىسمائىل مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئەترەتنىڭ چىشىنى چىشلەپ، جاپالىق ئىشلەپ، شياۋدۇينىڭ ئاشلىقلىرىنى ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈپ، پۈتۈن ئەترەتنىڭ ئەزالار ئالدىدا تەقدىرلەندى.

1959-يىلى ئىسمائىل مەمەت باش زەربىدارلار ئەترىتى قۇرۇپ، ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئەترەتتىكى 25 نەپەر ياشنى باشلاپ، بوغداي تېرىش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىدى.

ئىسمائىل مەمەت يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، بالا ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاددىي بىر جەڭچىسى

بولۇپ، ئەل-ۋەتەننى قوغداشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا 1960-يىلى 2-ئايدا، ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئىسمائىل مەمەت ئەسكەرلىككە تىزىملايدىغان ھەربىي كادىرلارنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۆزىنى ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئالدۇردى.

ئانىسى ھەجەرخان ۋە گوڭشېدىكى كادىرلار ئىسمائىل مەمەتنىڭ مەيدىسىگە قىزىل گۈل تاقاپ، داقا-دۇمباقلار ساداسى ئىچىدە ئۇنى ھەربىي سەپكە ئۇزىتىپ قويدى.

ئۇ قىسىمغا قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا، مېھرىبان ئانىسى: "بالام، سەن جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە چوڭ بولدۇڭ، ئەسكەر بولغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلاپ، ئۆز ۋەتىنىڭنى ۋە ئۆز خەلقىڭنى قوغداش يولىدا جېنىڭنىمۇ ئايىمىغىن، چۈنكى مېنى، سېنى ۋە بارلىق كەمبەغەللەرنى مۇشۇ پاراۋان تۇرمۇشقا، يورۇق كۈنگە، باراۋەرلىككە پارتىيە ۋە ماۋجۇشى ئېرىشتۈردى" دېدى ئوغلىغا ھەۋەس بىلەن ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ.

ئىسمائىل مەمەتمۇ دەرھاللا: "پارتىيە ۋە خەلقنىڭ، گوڭشى كادىرلىرىنىڭ ۋە ئانامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمەن، كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن. چوقۇم خەلقنىڭ ياخشى پەرزەنت ئەسكىرى بولۇپ، ۋەتىنىمگە، خەلقىمگە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزامغا، مېنى تۇغۇپ ئاق سۈت بېرىپ، جاپا-مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمەي، مېنى چوڭ قىلغان ۋاپادار ئانامغا، ئائىلەمگە شەرەپ كەلتۈرىمەن" دەپ ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ، ئانىسى ۋە يۇرتداشلىرى بىلەن خوشلاشتى. ئىسمائىل

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com


مەمەت ھەربىيگە بارغاندىن كېيىن، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ پىلىمۇتچىلار لىيەنىگە تەقسىم قىلىندى.

ئىسمائىل مەمەت قىسىمغا كەلگەندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ۋە قىسىم كادىرلىرىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا، ناھايىتى تېز ئالغا بېسىپ، ھەر يىلى بەشتە ياخشى جەڭچى بولۇپ باھالاندى.

1961-يىلى، ئۇ بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. ئىسمائىل مەمەت پىلىمۇتچىلار 3-بەنىنىڭ بەنجاڭى بولغاندىن كېيىن، بۇ بەن ھەر جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپ، لىيەن بويىچە ياخشى بەن بولۇپ باھالاندى.

قىسىم 1961-يىلى تاشيول قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان مەزگىلدە ئىسمائىل مەمەت خەتەرلىك پەيتلەردە يولداشلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئەڭ قىيىن، ئەڭ خەتەرلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى.

ئۇ ئېگىزلىككە يۈرۈش قىلغاندا، ھاۋانىڭ شالاڭلىقىغا قارىماي، سەپداشلىرىنىڭ مىلتىق، ئوق-دورىلىرىنى كۆتۈرۈشىۋالاتتى. ئىسمائىل مەمەت ھەربىر جەڭچىدە ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان روھ بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ۋەتەننى جان تىكىپ قوغدايدىغان تەۋرەنمەس مۇستەھكەم ئىرادە بولۇش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئىسمائىل مەمەت تاشيول ياساش جەريانىدا ھەربىي تەلىم-تەربىيىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى.

ئۇ جەڭچىلەرگە بەن بويىچە گرانات تاشلاش، پىلىمۇتنى قانداق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرغاندا ئېتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى دائىم سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ئىسمائىل مەمەت يېزىدىكى ۋاقتىدىلا بەشتە ياخشى ئىتتىپاق

ئەزاسى ئىدى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپلا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئازاد قىلغانلىقىنى بىلەتتى.

بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتا، خىزمەت ئەترىتىدىكى كادىرلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ، دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورۇنلاشقان ۋە چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى. كومپارتىيە بولمىسا بىزنىڭمۇ بۈگۈنكى كۈنىمىز بولمىغان بولاتتى. ماڭمۇ بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇش بولمايتتى، دەپ چۈشىنەتتى.

1962-يىلى 9-ئايدا، ئىسمائىل مەمەت شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولدى.

ئۇ پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن دائىم جەڭچىلەرگە ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈش، ۋەتەننىڭ ھەربىر سۇڭ يېرىنى قوغداش ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان بىلەن بولغان چېگرا تالاش-تارتىشىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم ئاشكارا بايانات ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھىندىستان تەرەپ دۆلىتىمىزنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئاجىزلىقى دەپ بىلىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى دوستلۇقنى بۇزۇپ، ۋەتىنىمىز چېگرىسىغا زورلۇق بىلەن بېسىپ كىرىشكە باشلىغان ئىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى ئالدىدا ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەرمىسە بولمايدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئىدى. بۇ 1962-يىلى 10-ئاي ۋاقتى ئىدى. ھىندىستان ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزچېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىسمائىل مەمەت جەڭچىلەرگە: "بىز باشقىلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر سۇڭ يېرىنى تارتىۋېلىشىغا يول قويماسلىقىمىز ۋە باشقىلارنىڭ بىر سۇڭ يېرىنىمۇ ئالماسلىقىمىز كېرەك" دەپ تەربىيە بەردى.

ئىسمائىل مەمەت دادىسىدىن كىچىك ئايرىلىپ قالغان بولغاچقا، ئانىسى ئۇنى كىچىكلا ئۆيلەپ قويغانىدى، ئىسمائىلنىڭ ئايالى ئاغرىقچان قىينانىسىدىن ئەنسىرەپ، دائىم ئىسمائىل مەمەتكە ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كېلىش ھەققىدە خەت يېزىپ كېلىۋاتاتتى. ئاغرىقچان ئانىسىنى ئويلىغان ئىسمائىل مەمەتمۇ ھەربىي سەپتىن قايتىشنى ئويلىغان ئىدى. لېكىن ھىندىستاننىڭ دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسىغا يولسىزلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ، ھەربىي سەپتىن قايتىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى.

ئۇ: "پارتىيە مېنى ئازاد قىلدى ھەم مېنى تەربىيىلىدى. ئەمدى مەن خىزمەت كۆرسىتىپ، ۋەتەن، خەلق ۋە پارتىيە ئالدىدىكى بۇرچۇمنى ئادا قىلىدىغان چاغدا، ھەربىي سەپتىن قايتىش مەن ئۇچۇن نومۇس. مەن پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بەرگەن. مەن ۋەتەن، خەلق، پارتىيە ئالدىدا جەڭچىلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىم كېرەك" دەپ ئويلاپ، رەھبەرلىكتىن بۇ جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ قىسىم بۇيرۇققا بىنائەن جەڭگە ئاتلاندى. ئىسمائىل مەمەتنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.

شۇ يىلى 10-ئاينىڭ 27-كۈنى، ۋەتىنىمىز چېگرىسىغا بۆسۈپ كىرگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىپ، ۋەتەن چېگرىسىنى قوغدايدىغان شەرەپلىك ۋەزىپە پىلمۇت 3-بەنىي يەنى ئىسمائىل مەمەتىنىڭ بەنىگە تاپشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قوغداش قىسىملىرى بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى. مۇئاۋىن لىيەنجاڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئىسمائىل مەمەتىنىڭ بەنىنى باشلاپ، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئالدىن رازۋېتكا قىلىش ۋەزىپىسى بىلەن يولغا چىقتى.

ئىسمائىل مەمەت خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالغان ئىدى. ئۇ ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قېلىۋاتاتتى، بىر دەم ئۆزىچىلا كۈلسە، بىر دەم سەپداشلىرىغا چاقچاق قىلاتتى ۋە بىر دەمدىلا قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ قورال تۇتقان قوللىرى كىرىشىپ، كۆزلىرى يوغىناپ كېتەتتى ۋە قولىدىكى قورالنى بىرسى تارتىۋالىدىغاندەك ئالدىغا تارتىپ چىڭ تۇتۇۋالاتتى.

ماشىنا ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تاغلىرىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئېگىز-پەس يوللارنى بېسىپ، بىر خىل سۈرئەتتە كېتىپ باراتتى. توختىماي چىقىۋاتقان شىۋىرغان دەستىدىن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يولغۇنلارنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، يالىڭاچلىنىپ، غوللىرى ئېگىلىپ، يەر بېغىرلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىزىل قاتتىق غوللىرى ۋە شاخلىرى قاتتىق شىۋىرغان ۋە بورانغا بوي بەرمەي، خۇددى تەبىئەتنىڭ بۇ دەھشەتلىك بوران-چاپقۇنلىرىنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قۇمۇرۇلماي مەزمۇت تۇراتتى.

— قارانلار ئاۋۇ يۇلغۇنلارغا، — دېدى ئىسمائىل مەمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باشقىلارنىڭ خىيالىنى بۇزۇپ، — خۇددى ئالدىنقى سەپتىكى تەۋرەنمەس پوستتەك تۇرىۋاتقىنىنى، ئۇ دېگەن بىر ئۇسۇملۇك، چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر ھەم تۇتاش، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق قاتتىق بوران-چاپقۇنمۇ ئۇنى تەۋرىتەلمەيۋاتىدۇ. ماشىنىدا ئولتۇرغان كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ كۆزلىرى ھاياجان، شادلىق ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن چاقناپ كەتتى. ئارىدىن بىرسى: "خاتىرىجەم بولۇڭ بەنجاڭ، بىزمۇ شۇ يۇلغۇنلارغا ئوخشاش دۈشمەنگە باش ئەگمەي ئىسسىق قېنىمىز بىلەن ۋەتەن، خەلقنى قوغدايمىز" دېگەن ئىدى، ئىسمائىل: "يارايسەن شاكىچىك، توغرا باھا بەردىڭ، — دېدى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، — ئەلۋەتتە يىلتىزىمىز چوڭقۇر ۋە بىر تۇتاش، بىز پارتىيە ۋە خەلق بىلەن قەلبداش ھەم يىلتىزداش، بىز ۋەتەن قوينىدا، پارتىيە بايرىقى ئاستىدا ئەسكەر بولدۇق ھەم ئۆسۈپ يېتىلدۇق، بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر غېرىچ يېرىنىمۇ دۈشمەن قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بىز ئەزىز ۋەتىنىمىز تۇپرىقىنى ئۇلۇغلىشىمىز، خەلقىمىزنى ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە كۆز قارچۇغۇمىزدەك قوغدىشىمىز، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر بەدەل تۆلىسەك، قانچىلىك جاپا تارتساق، ھەتتا قۇربان بولساقمۇ ئۆزىمىزنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەردىن ھېسابلىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئوتلۇق قەسىمىمىز بولۇپ قالسۇن" دەپ ئۆزىنى تۇتالماي خۇددى گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ، كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرىلىپ چۈشتى. بۇ ۋەتەن، خەلققە بولغان چوڭقۇر ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭ ھاياجان يېشى ئىدى. بۇ چاغدا ماشىنىدىكى ئەسكەرلەر بىردەك بىر تامچە

قېنىمىز قالغىچە كۈرەش قىلىپ، دۈشمەنگە بىر سۆڭ يەرنىمۇ بەرمەسلىككە قەسەم قىلىمىز دەپ تەڭلا ۋارقىراشتى.

ئىسمائىل مەمەت كۆزىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتكەچ: "يارايسىلەر، رەھمەت سىلەرگە" دەپ سەبداشلىرىغا مەدەت بەردى.

ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن نەزىرىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان ئىسمائىل مەمەت ناھايىتى ھاياجانلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا، ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى نامايان بولۇپ، دۈشمەنلەرگە بولغان قاتتىق غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىسا، كۆز ئالدىدىكى گۈزەل مەنزىرە ئۇنىڭ ئانا ۋەتەن تۇپرىقىغا بولغان سەمىمىي ساداقىتىنى، ئۆچمەس مۇھەببىتىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتمەكتە ئىدى.

يولغا چىقىشتىن بۇرۇن قىسىم باشلىقىنىڭ قىلغان سۆزلىرى ئىسمائىل مەمەتنىڭ قەلبىگە خۇددى مۆھۈر باسقاندەك چوڭقۇر ئورناشقان ئىدى.

قىسىم باشلىقى تولۇپ-تاشقان ھېسسىيات بىلەن: "بىز جۇڭگولۇقلارغا باشقىلارنىڭ بىر غېرىچ يېرى لازىم ئەمەس، لېكىن باشقىلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر غېرىچ يېرىنىمۇ تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋېلىشىغا يول قويمايمىز. يولداشلار، قەدىردان ئىنقىلابىي جەڭچىلەر، بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر غېرىچ يېرىنىمۇ باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويمايلى، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن شەرەپ بىلەن ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىدىغان پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى! تاجاۋۇزچىلارنىڭ تازا ئەدىپىنى بېرەيلى!" دېگەن جاراڭلىق سۆزلىرى ئىسمائىل مەمەتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە دائىم جاراڭلاپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئېگىز-پەس تاغ يولىدا ماشىنىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى، ئىسمائىل مەمەت ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولدى.

ماشىنا كابىنكىسىدىكى ئېغىر پىلىموت ئۇدۇل تارتىپ تىكلەپ قويۇلغان ئىدى. 3-لىيەننىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭى پىلىموتنىڭ سول تەرىپىدە قوماندانلىق ئورنىدا ئىدى. ئىسمائىل مەمەت پىلىموتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاپتوماتنى ئوقلاپ، ئەتراپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزەتتى. ئۇنىڭ قارچۇغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ھەربىر قارا چېكىتتەك گىياھنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي كېلىۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز ئوڭ تەرەپتىكى تاغ ئېتىكىدە، ئىشىك ئالدىغا بايراق قادالغان، ئالدىغا ئېشەك ۋە قوي باغلاپ قويۇلغان بىر زاڭزۇ ئۆيى كۆرۈندى. بۇ چۆلدە ئۆي نېمىش قىلىدىغاندۇ؟ چوقۇم دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمىسى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن بىر ئوي چاقماق تېزلىكىدە ئىسمائىلنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئىسمائىل مەمەت دەرھال ئۆي ئەتراپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى يېڭى تىزىلغان تاش دۆۋىلىرى ئۈستىدە توختاپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى دوكلات قىلغىچە ئارىلىقتا، بۇ ئۆيدىن تاتاتلاپ ماشىنىغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇيۇقسىز قىلىنغان ھۇجۇم 3-لىيەنگە مەركەزلەشكەن ئىدى.

ماشىنىدىكى جەڭچىلەر بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. لېكىن 3-بەنگە بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ناتونۇش ئىدى. مۇئاۋىن لىيەنجاڭ 3-بەندىكى ئەسكەرلەرنى مۇداپىئەلىنىشكە بۇيرۇپ، ئۆزى يەر تۈزۈلۈشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەچ، شوپۇرغا ماشىنىنى

دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ھەيدەشكە بۇيرۇدى.

بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن بىلەن ماشىنىنىڭ ئارىلىقى 200 مېتىرلا قالغان ئىدى. دۈشمەنلەر تۇيۇقسىز ئوق چىقارغاچقا، جەڭچىلەر جىددىيلىشىپ قالدى. لېكىن شۇ پەيتتە دۈشمەن بىلەن ماشىنا ئارىلىقى 60 مېتىرلا قالغان بولغاچقا، بىر سېكۇنتچىلىكمۇ سوكۇت قىلىشقا ۋە ئويلىنىشقا پۇرسەت قالمىغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا كۆتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپ شوپۇر يارىلاندى. ماشىنىنىڭ ئوڭ چاقىغا ئوق تېگىپ ماشىنا خۇددى يارىلانغان شىردەك تولىمۇ ئاستىلاپ ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالدى.

ئىسمائىل مەمەت بىر تەرەپتىن دۈشمەنگە قارىتىپ شىددەت بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوق ياغدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەن ئەھۋالىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتەتتى.

3-بەندىكى جەڭچىلەر ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭدە تەمكىن تەۋرەنمەي تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا دۈشمەن ئوت كۈچىگە قايتۇرما زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئۇۋۇسىدىن چىقىپ، ماشىنىغا يېقىن كېلىشىگە يول قويمىدى.

تۇيۇقسىز ئىسمائىل مەمەت يان تەرىپىدە دۈشمەننىڭ ئوت توچكىسى بارلىقىنى بايقاپ قالدى-دە، سەپداشلىرىغا: "يان تەرەپكە قارىتىپ ئېتىڭلار!" دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۆرە تۇرغىنىچە ئاپتوماتنى دۈشمەننىڭ ئوت توچكىسىغا قارىتىپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ دۈشمەنگە پۈتۈن كۈچى ۋە غەزەپ-نەپرىتى بىلەن ئوق ياغدۇرۇۋاتاتتى. ئېغىر پىلىموتچى ئەكبەر ناھايىتى تىت-تىت بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدىكى پىلىموت ماشىنا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كابىنكىسىغا ئۇدۇل قويۇغلۇق ئىدى. دۈشمەن بولسا يان تەرەپتە ئىپتىۋاتاتتى، ئەگەر پىلىموتنى دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە ئۇدۇل توغرىلىسا، پىلىموتنىڭ بىر چاقىنى قويغىدەك ئورۇن يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ئوت كۈچى ئاستىدا ئۇنى توغرىلاشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پىلىموتچىك ئەكبەر ئوسمان ئىسمائىل مەمەتنىڭ دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى قەستەن ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقانلىقىنى، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ پىلىموتنى ھېمايە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تېزدىن پىلىموتنى چۆرگىلىتىپ يۆنىلىشنى توغرىلىدى.

ئۇ پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇشقا تەييارلانغان چاغدا، دۈشمەن ئوت كۈچى تېخىمۇ غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا تەگكەن ئوق ياغاچ قىرىندىلىرىنى كۆز ئاچقۇسىز شۇۋىرغاندا ئۇياق-بۇياققا ئۇچۇرماقتا ئىدى.

ئەكبەر پۈتۈن غەزەپ-نەپرىتى بىلەن دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە پىلىموتتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

قېرىشقاندەك دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، دۈشمەننىڭ بىر پاي ئوقى ئىسمائىل مەمەتنىڭ مەيدىسىنىڭ سول تەرەپ يۇقىرى قىسمىغا تەگدى، ئۇنىڭ كۆكسىدىن چىققان قان قورال تۇتقان سول قولىنى بايلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

قاتتىق ئاغرىق ئازابىدىن ئۇنىڭ چېكىسىدىن مۇچاقتەك تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ چىقتى. ئىسمائىل مەمەت خۇددى ئۆزىدە ھېچ ئىش بولمىغاندەك غەزەپ بىلەن پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەكبەرنىڭ غەزەپ-نەپرىتى تېخىمۇ كۈچەيدى-دە، خۇددى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ

بارلىق كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسەتمەكچى بولغان شىردەك غەزەپ-نەپرەت بىلەن دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە شىددەتلىك ئوق ياغدۇرماقتا ئىدى.

ئىسمائىل مەمەت ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مەغرۇر ۋە قەيسەر قىياپەتتە: "يولداشلار، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىپ، ۋەتىنىنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايدىغان پەيت يېتىپ كەلدى! دۈشمەنگە ئۆزىنى ئوگشۇھلىش پۇرستى بەرمەي دەھشەتلىك ئوت ئاچايلى!" دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى قارا قۇرۇم تاغلىرى ئارىسىدا دەھشەتلىك سادا ياڭرىتىپ، ئەكس سادا بىلەن قوشۇلۇپ ئوق ئاۋازلىرىنى بېسىپ چۈشتى، ئۆز ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە دۈشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى مۇجەسسەملىگەن پەۋقۇلئاددا ئاخىرقى كۈچ ئۇنى ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان ئارسلانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى.

شۇ دەقىقىدە ئىسمائىل مەمەت يارىسىنى تېڭىپ قويماقچى بولغان مۇئاۋىن بەنجاڭنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئاغرىق ئازابىغا، يۈرىكىدىن ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانغا پىسەنت قىلماي، دۈشمەن بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، بەندىكى يولداشلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچىگە كۈچ، غەيرىتىگە جاسارەت قوشماقتا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى ئاجىزلىشىپ قالدى. جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان دۈشمەن تېخىمۇ غالجىرلىشىپ 3-بەننىڭ ئېگىزلىكىنى تۇسۇش ئۈچۈن جان تالاشماقتا ئىدى.

3-بەن تېخىمۇ كۈچلۈك ئوت كۈچى بىلەن دۈشمەننى باش كۆتۈرگۈزمەي، ياردەمچى قىسىمنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

دەھشەتلىك ئوق ئاۋازلىرى قارا قۇرۇم تاغلىرىدا ۋە ئېدىرلاردا ياڭراق ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، جەڭ مەيدانىنى تېخىمۇ سۈرلۈك قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويغان ئىدى. بىر ياقتىن كۈچلۈك شۇۋرغان بىلەن يېغىۋاتقان قار، ئاچچىق سوغۇق جەڭچىلەرنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە زەھەردەك سانجىلىپ كۆز ئاچقۇزمايۋاتاتتى.

جەڭ بارغانسېرى كەسكىنلەشمەكتە، جەڭچىلەرنىڭ غەزەپ-نەپرىتى ئارىلاشقان كۈچ-قۇۋۋىتى، پولاتتەك ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، كۆزلىرىگە دەھشەتلىك ئوق يامغۇرىمۇ كۆرۈنمەستىن قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەن بىلەن شىددەتلىك ئېلىشماقتا ئىدى. جەڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئېغىر پىلىموتقا مىشەك(جەز) تۇرۇۋالدى. ئەھۋالنى سېزىپ قالغان دۈشمەن تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، پىلىموت-مىناميوتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، 3-بەنگە باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

ئىسمائىل مەمەت قىسىم باشلىقلىرىنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدا دېگەن سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئېسىگە ئالدى-دە، پىلىموتنىڭ مۇشۇنداق جىددىي پەيتتىكى رولىنى ئويلاپ، ھېچنېمىگە قارىماي سول پۇتى بىلەن كوزۇپنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى تېرەپ تۇرۇپ، ئەكبەردىن پىلىموتنى قولىغا ئالدى. نېمە ئىش بولغىنىنى ئەكبەر ھېس قىلىپ بولغىچە ئىسمائىل مەمەت دۈشمەنگە قارىتىپ، شىددەت بىلەن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئەمدى دۈشمەن ئىككىلەنمەيلا ئوت كۈچىنى ئىسمائىل مەمەتكە قاراتتى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپتىكى ئارىلىق 60 مېتىرلا قالغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا كوماندىر-جەڭچىلەر ئاپتوموبىل كوزۇپىنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان ئىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ئىسمائىل مەمەت ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆرە تۇرۇپ، ئاپتوماتتىن دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ئوت ئېچىپ، سەپداشلىرىنىڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ جەڭگە ئاتلىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

دەل شۇ چاغدا، دۈشمەنىنىڭ ئىككى پاي ئوقى ئىسمائىل مەمەتنىڭ كۆكسىگە ۋە دوۋسۇن قىسمىغا تەگدى. بۇ قەيسەر ۋەتەن سۆيەر جەڭچى ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانغا، ئاغرىق ئازابىغا پىسەنت قىلماي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا "يولداشلار، دۈشمەن تېخى تولۇق يوقالمىدى. ھەممىمىز زور غەيرەتكە كېلىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغدايلى! مەلئۇنلارنى زېمىنىمىزگە ئاياغ باستۇرمايلى!" دەپ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، قاتتىق ۋارقىراپ پىلىموتنى دۈشمەنگە قارىتىپ دەھشەتلىك ئوق ياغدۇرۇۋاتاتتى.

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا بويۇلۇپ كەتكەن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن يەنىلا ئۆتمۇش، فېئودال پومېشچىكنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىغان ئىشلار، ئانىسى بىلەن تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتىدىكى رەھىمسىز كىشىلەرنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان تىل-ھاقارەتلىرى، كەمسىتىشلىرى، تول ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى، پومېشچىكنىڭ دادىسىنى دۇمبالاپ، تاياق-توقماق ئاستىدا رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكى، پومېشچىكنىڭ قول چوماقچىلىرىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى، بايلارغا بولىشىپ كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى شوراپ، خارۇ-زار قىلغان ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، ئازادلىقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېيىنكى پارتىيە رەھبەرلىكىدە قەد كۆتۈرۈپ، تويغۇدەك تاماق يەپ، بەدىنى ئىلىلىغىدەك كىيىم-كېچەك كىيىپ، مەكتەپلەردە ئوقۇپ، گۈڭشىلاردا ئىشلەپ، ئەڭ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسىغا ئېرىشىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاددىي بىر جەڭچىسى بولغان سەرگۈزەشتىلىرى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، بەدىنىدىن ئېقىۋاتقان قانغا قارىماي دۈشمەنگە قارىتىپ بارلىق كۈچ بىلەن ئوق ياغدۇرىۋاتاتتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە ئىسمائىل مەمەتكە 3-قېتىم ئوق تەگدى. لېكىن ئۇ ئۆزىگە يەنە ئوق تەگكىنىنى تۇيمىغاندەك ئىدى.

ئۇ ئەمدى قانچىلىك غەيرەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاستا-ئاستا ئۆچكەن شامدەك لاسىدە يەرگە يىقىلدى. شۇ ئەسنادا ئىسمائىل مەمەتنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسى پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ رازى بول ئانا دېگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

ئۇنىڭ قانغا تولغان ئوتلۇق كۆزلىرى ئاستا-ئاستا بىر نۇقتىغا مەركەزلىشىپ قېتىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك ئىدى.

بىزنىڭ قەدىردانىمىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئوت يۈرەك قەيسەر جەڭچىسىنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى سوقۇشتىن مەڭگۈ توختىغان ئىدى.

ئىسمائىل مەمەت 3-بەندىكى سەپداشلارنىڭ "بەنجاڭ" دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازىنى ئەمدى مەڭگۈ ئاڭلىيالمىدى. ئۇنىڭ يىقىلىش

ئالدىدا جان جەھلى بىلەن ” غەيرەت قىلىڭلار، ۋەتەن تۇپرىقىنى جان تىكىپ قوغدايلى! “ دېگەن ئاۋازى قارا قۇرۇم تېغىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، بۇ شاۋقۇنلۇق سوغۇقتىكى جەڭگە ئاخىرقى قېتىم سىگنال بېرىپ، مەڭگۈ ئۆچمەس تامغىدەك جەڭچىلەر قەلبىدە مىراس بولۇپ قالغان ئىدى.

— بەنجاڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالايلى! تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتايلى! ئېتىڭلار! بارلىق كۈچۈڭلار بىلەن ئېتىڭلار! — دەپ ۋارقىراشقان جەڭچىلەرنىڭ غەزەپ-نەپرەتلىك ئوتلۇق نىدالىرى قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئەكس سادا قايتۇرۇپ بۇ شىددەتلىك جەڭگە خۇددى ھۆركىرىگەن شىردەك تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس بەرگەن ئىدى، ئۇلار يۈرىكى ئۆرتىنىپ، كۈچ-قۇدرىتى تېخىمۇ ئۇرغۇپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى.

مۇئاۋىن ليەنجاڭ ئوبۇل مۇسا قورالىنى تۇتقان ھالدا ئېغىر يارىلىنىپ بۇ قېتىم يىقىلغان... 

مۇئاۋىن لېيەنجاڭ ئوبۇل مۇسا قورالىنى تۇتقان ھالدا ئېغىر يىلمۇتتىن ئوق ئېتىپ، قەھرىمانغا تەزىيە بىلدۈرۈشكە بۇيرىدى. مۇئاۋىن بەنجاڭ ئابدۇكېرىم، ئىسمائىل مەمەتنىڭ ئاپتوماتىنى مىلتىق تەستە ئۇنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئېتىپ بولالمىغان ئوقىنى دۈشمەنگە قارىتىپ غەزەپ بىلەن ئېتىشقا باشلىدى.

جەڭچىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار شاۋقۇنغان بىلەن ئارىلىشىپ مەڭزىلىرىنى ھۆل قىلماقتا ئىدى.

دەل شۇ چاغدا ياردەمچى قىسىم يېتىپ كەلدى. 3-بەن ياردەمچى قىسىملارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىنى تارمار قىلىپ، لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراقنى دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە قادىدى. دۈشمەن تەرەپتىنمۇ نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولغان ئىدى. قالغانلىرى قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەممىسى ئەسىرگە چۈشتى.

ئەلۋىدا! قارا قۇرۇم تېغى ۋەتەن قوغدىغۇچى قەھرىمان جەڭچى ئىسمائىل مەمەتنى ۋە ئۇنىڭ قۇربان بولغان باشقا سەپداشلىرىنى ئۆز قوينىغا ئالغان ئىدى. شىددەت ھۆركىرىگەن قارا قۇرۇم تاغلىرىدىكى شىددەتلىك ھۇجۇم بىر دەمدىلا ئاخىرلىشىپ، بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ماتەم تۇتقاندەك، پۈتۈن كائىنات تىمتاسلىققا چۆمگەن ئىدى.

ئۇرۇش رەھىمسىز، ئۇرۇش نىشان تاللىمايدۇ. تراگېدىيىلىك قىسقا ۋاقىتلىق بۇ ئۇرۇش بۇ تاغلاردا قانلىق ئىزلارنى قالدۇرۇپ، بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنى 3-بەندىنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ كەتكەن ئىدى. قەھرىمانلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان غەلىبە بايرىقى سىجىيېخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن ئېگىزلىكلەردىن ئېشىپ، يېڭى جەڭ مەيدانىغا قادالدى. چېگرا رايونىنىڭ گۈزەل قوينى قەھرىمان، قەيسەر ئىرادىلىك ۋەتەن ئوغلانلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن سۇغىرىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىسسىق قانلىرى قارا قۇرۇم قارىغايلىرىغا كۈچ-قۇدرەت سۈيى ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس يېشىللىق ھايات ئاتا قىلىپ ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادە بەخش ئەتتى.

رەھىمسىز ئۇرۇش ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان، قەلبىگە ئېگىلمەس سۇنماس ئىرادە، ئۇلۇغ ئۇتلۇق غايىلەرنى پۈكۈپ، چوڭ ئىشلارغا بەل باغلىغان باتۇر ئوغلانلارنى ۋاقىتسىز ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسمائىل مەمەتكە ئوخشاش قەھرىمان، قەيسەر يىگىتلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى قوغداش، ئۆز خەلقىنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان ئۇلۇغ

روھىنى ئېلىپ كېتەلمىدى.

ئەلۋىدا باتۇر ئوغلانلار! ۋەتەن، خەلق سىلەردىن مەڭگۈ پەخىرلىنىدۇ. ئىسمائىل مەمەتنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى ئۇنى 1-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئالدى ھەمدە ئۇنى بىردەك: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى، دەپ ئېتىراپ قىلدى.

1963-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئىسمائىل مەمەتكە "ئۇرۇش قەھرىمانى" دەپ شەرەپلىك نام بەردى. شۇ قاتاردا 10-تۇەندىن ليۇ گوڭشەنگە، 11-تۇەندىن ۋاڭ چۇڭدېگىمۇ "ئۇرۇش قەھرىمانى"، دېگەن شەرەپلىك نام بەردى.

تارىخ ئۇلارنى ئۇنتۇمايدۇ، خەلق ئۇلارنى ئۇنتۇمايدۇ! ئۇلار ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 3-قىسىم

مەن ئۆتمۈش تارىخنىڭ تىرىك شاھىدى،
ئەسلىدىم باتۇرلارنى خېلىدىن بۇيان.
ئېھ ئاشۇ جەڭچىلەر جەڭ قىلىپ بىر چاغ،
ئەل-ۋەتەن بەختىچۈن بەرگەن ئىدى جان.

ئاي يىللار قېرىتقان بولسىمۇ مېنى،
قېرىتالمىدى ھېچ ئۇتلۇق قەلبىمنى.
قەھرىمان دوستلارنىڭ ئۇلۇغۋار روھى،
ئۇندىدى پۈتمەككە تارىخ بېتىنى.

تارىخ دېگەن ئۆتمۈش، تارىخ بېتىدە قالغان ۋەقەلەر ئۆتمۈشكە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. بولۇپمۇ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تۆككەن ئىسسىق قانلار ھەم ئۇلاردىن تارىخ بېتىدە قالغان داغلار، ئىزلار مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ ھەم يوقالمايدۇ.

1940-يىللىرىنىڭ بېشىدا ئىلى دىيارىدا، گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە، پىدائىي بولۇپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا باھادىرلىق بىلەن ئىسسىق قېنىنى، ياشلىق باھارىنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىقى

ئۈچۈن قۇربان قىلغان ياش جەڭچى ئابدۇللامنىڭ ئانىسىغا يازغان تەسەللىي خېتى مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. مەن بۇ خەتنى ئوقۇۋېتىپ كۆزلىرىم ئاچچىق ياشلار بىلەن نەمدەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەتنى ھازىرقى ئاۋلادلارغا سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلماقچىمەن. چۈنكى بۇ ئۆچمەس تارىخ!

ياش جەڭچى ئابدۇللام 1927-يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ ئەڭ چەت ئايدۆڭ مەھەللىسىدە بىر كەمبەغەل ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، مەرھۇم دادىسى قاسىم ئاخۇن ئابدۇللام يەتتە ياشقا كىرگەندە بىرخىل قارا كېزىك بىلەن ياشلا دۇنيادىن ئۆتكەن، دادىسى بۇلارنى ۋاقىتسىز تاشلاپ كەتكەندە، ئۇنىڭ سىڭلىسى بەش ياشتا ئىدى.

ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقى ئايىمخان ئانىنىڭ زىممىسىگە يۈك بولۇپ قالدى. ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئۆي ئىشى قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن باشقا چىقىش يولى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايىمخان ئانا ئىككى بالىنى ئۆيدە قويۇپ، مەھەللىدىكى بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە نان يېقىپ، كىر يۇيۇپ، يوتقان-كۆرپە تىكىپ دېگەندەك بىر پارچە نان، بىرقاچا ئاشقان تاماققا زار بولۇپ، كونا ياماق كىيىملەر بىلەن ئۆزى ئاچ قالسىمۇ، بالىلارنى ئاچ قويماي بېقىپ چوڭ قىلدى.

ئابدۇللام 13 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ مەھەللىنىڭ پادىسىنى بېقىپ، ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ئىنساپ تۆپىقى بىلەن ئانىسىنىڭ پۈتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ چوڭ بولدى. بىرەر يېرىمدەم بوش ۋاقتى بولسا دەريا بويىدىن ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، قىشنىڭ كۈنلىرى كۆمۈرچىلەرنىڭ ھارۋىسىدىن، تاغىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۈشۈپ قالغان كۆمۈرلەرنى تېرىپ، كۆمۈرنىڭ توپىلىرىنى كالىسىنىڭ تېزەكلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئانىسىغا يېقىلغۇ قىلىپ بېرىپ زىمىستان قىشلارنى ئۆتكۈزەتتى.

ئابدۇللام شۇنداق بولسىمۇ بەزىدە چۈشتىن كېيىن، بەزىدە چۈشتىن بۇرۇن مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇپ، ساۋادىنى چىقارغاندىن سىرت، كىتابلارنى ئوقۇپ يۈرۈپ ئاستا-ئاستا دۇنيانى، ھاياتلىقنى، ياشاشنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ئابدۇللام كىچىكىدىن تارتىپ ئەزگۈچىلەرگە نەپرەت، ئېزىلگۈچىلەرگە مۇھەببەت بىلەن يۇمران قەلبىنى يېتىلدۈرۈۋاتاتتى. ئابدۇللام ئەمدى 18 ياشنىڭ قارىسىنى كۆرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنى 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ بېشىدا، ئىلىدا گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە، ئابدۇللام ئولتۇرالماي قالدى. سىڭلىسىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالغان ئىدى. "ئاپا، — دەيتتى ئۇ ئاپىسىغا يالۋۇرۇپ، — مەنمۇ ئاغىنىلىرىمگە ئوخشاش ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئەسكەر بولىمەن، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىمەن، بىزمۇ بىر كۈنى ئازاد بولىمىز ئاپا. سەنمۇ بايلارنىڭ ئىشىكىدە تەلمۈرۈپ، سارغىيىپ يۈرمەيسەن ئاپا، ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ مەن ئۆزۈم باقىمەن ئانا. سېنى ئەمدى ھەرگىز باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرتمەيمەن" دەپ يالۋۇراتتى.

ئايىمخان ئانا ئاخىرى كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ تۇرۇپ، پۈتۈن دەرد-ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ بۇ يۈرەك پارىسىغا-كۆزىنىڭ قارىسىغا دۇئا بەردى. جەڭچى ئابدۇللام بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى يوغان، بويى ئېگىز، كۈچتۈڭگۈر، ئۆزى ئورۇق، ئويچان، ئېغىر-بېسىق، ئاق كۆڭۈل، كۆزلىرىنى دائىم

بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرىدىغان قاڭشارلىق، قاراقاش، چىرايلىق يىگىت ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللام 1945-يىلى 7-ئايدا، پىدائىي ئەسكەر بولۇپ ئاۋۋال پارتىزانلار قوشۇنىدا بولدى، كېيىن رەسمىي مۇنتىزىم قوشۇنغا يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى بىرىنچى باتالىئون ئىككىنچى روتىغا تەقسىم قىلىندى.

ئابدۇللام بۇ چاغدا زىخرۇللام بىلەن بىر قىسمدا جەڭچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى ھەم ئىككىسى يېقىن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ كەتتى. بىرسى سەھرا ئوغلى، بىرسى شەھەر بالىسى ئىدى.

1945-يىلى 7-ئايدا ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى شىخو، جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان ئىدى. گومىنداڭ جىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى يۇنجۇخو، باجاخو دېگەن جايلارغا نۇرغۇن پوتەيلەرنى ياساپ، يۇلغۇنلار ئارىسىغا يەرنى كولاپ، قېلىن ئوت توچكىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىڭ مۇداپىئەسىنى "يېڭىلمەس" ئىستىھكام دەپ جار سېلىپ يۈردى.

يۇنجۇخونىڭ جەنۇبىدا، قوشۇنلارنىڭ بۆسۈپ ئۆتىدىغان جايىنىڭ ئۇدۇلىدا 3-، 4-پوتەيدىن ئۇزۇلمەي پىلىموت ئېتىلىپ تۇراتتى. باتالىئون كوماندىرى باتالىئوننى باشلاپ، شۇ جايغا يېقىنراق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى بىرقانچە جەڭچىلەر بىلەن يەر شارائىتىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ، زۇرۇر تېپىلسىلا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە قىسىملارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇپ تۇرغان 3-، 4-پوتەينى پارتلىتىپ، قىسىملارغا يول ئېچىشى كېرەك ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى پولك باشلىقلىرى 1-باتالىيونغا تاپشۇرغان ئىدى، باتالىئون كوماندىرى ئويلىنىپ دەرھاللا 1-روتا ئالدىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېلىپ پوتەينى پارتلىتىشقا كىم بارىدۇ دېگەندە، زىخرۇللام: "ئۈچ بالىنى ئېلىپ، مەن باراي" دەپ ئۈچ بالىنى تاللىغاندا، بۇلارنىڭ بىرسى دەل 2-روتىدىكى ئابدۇللام ئىدى. ئابدۇللام ئۆزىمۇ بىرىنچى بولۇپ: "مەن باراي" دەپ ئالدىغا چىققان ئىدى.

چۈنكى ئابدۇللام بىلەن زىخرۇللام سىرداش دوستلاردىن ئىدى، نېمە ئۈچۈنكىن، تونۇگۈن كەچتىلا تېخى ئابدۇللام يېتىمچىلىكتە بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى زىخرۇللامغا سۆزلەپ بەرگەنلىكتىن، ئىككىسى تەڭ ئۇھ تارتىشقان ئىدى، چۈنكى زىخرۇللام بىلەن ئابدۇللامنىڭ كەچمىشى ئوخشاپ كېتەتتى. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئابدۇللامنىڭ ئايتۇران دېگەن ئوماق بىر سىڭلىسى بار ئىدى. بىر كۈنى ئابدۇللام زىخرۇللامغا:

— ماڭا قارا، ئاداش، ئۇرۇش دېگەن رەھىمسىز، ئۇ ئادەم، ۋاقىت تاللىمايدۇ، ئالمادىس ئىككىمىزنىڭ بىرىمىز ئۆلۈپ كېتىپ بىرىمىز ھايات قالساق، ئۆلۈپ كەتكەن يەنە بىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ قويايلى، سېنىڭ كەچمىشىڭنى مەن بىلىمەن، بىراق مېنىڭ كەچمىشىمنى سەن ئاڭلىمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، تولۇق ئاڭلا، مېنىڭ بۈگۈن ساڭا ئىچ باغرىمنى تۆككۈم كېلىپ قالدى، — دەپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

مانا ئەمدى ھەر ئىككىسى ھايات-ماماتلىق كۆرەشكە ئاتلاندى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ مۇشكۈل سىناق ئىدى.

زىخرۇللام ئابدۇللام بىلەن يەنە ئىككى جەڭچىنى ئېلىپ يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ پوتەيگە قاراپ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يۈرۈپ كەتتى. پوتەيگە يېقىنراق قالغاندا، زىخرۇللام ئىككى جەڭچىنى "سىلەر مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، ئەھۋالنى

كۆزىتىپ تۇرۇڭلار» دېدى.

ئابدۇللامغا «سەن مېنىڭ ئوق تەرىپىمدىن يېقىنلاپ ماڭ» دەپ قويۇپ، ئۆزى پوتەيگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، گرانات تاشلاپ پوتەينى ئارقا-ئارقىدىن پارتلىتىپ تاشلىدى، زىخرۇللامىنىڭ ئۆزى ئاتقان گرانات پارچىسى ئۇنىڭ پۇتىنى سۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى، زىخرۇللام بىلەن ئابدۇللام ۋەزىپىنى تامام لاپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ مېڭىشىغا، دۈشمەن پوتىيىدىن تۇيۇقسىز ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. «دىققەت قىل ئاداش!» ئابدۇللام شۇنداق دېگىنىچە، زىخرۇللامىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئېتىپ يېتىۋالدى، شۇ ئارىلىقتا كەلگەن ئوق ئابدۇللامىنىڭ ئوڭ كۆكرىكىگە تېگىپ ئۇنى ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇردى، ئاڭغىچە مۆكۈپ تۇرغان ئىككى جەڭچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال ئابدۇللامنى ۋە زىخرۇللامنى يۆلەپ پولكقا ئېلىپ كەتتى.

ئابدۇللام ئېغىر يارىدار بولغانلىقى ئۈچۈن، پولك دوختۇرخانىسىدىن شىخۇ ھەربىي دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلدى. ئابدۇللام قەيسەر جەڭچى ئىدى، ئۇ غۇلجىدىكى لياڭشاڭ بۇتخانىسىنى ئېلىش، ئايرودروم، ھەرەمباغلارنى ئېلىش جەريانىدىمۇ سەپنىڭ ئالدىدا يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئوقلارغا قارىماي، «ھۇررا» دەپ گومىنداڭ ئاكوپلىرىغا گرانات تاشلاپ يول ئاچقان جەڭچىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

زىخرۇللام ئابدۇللامنىڭ يارىلانغىنىنى كۆرۈپ ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولدى، چۈنكى ئابدۇللام ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە زىخرۇللامنى قۇتقۇزغان ئىدى. بۇنى زىخرۇللام ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، زىخرۇللام ئىچى ئاچچىق بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەچچە كۈنگىچە كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈردى. لېكىن ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمايتتى، چۈنكى ئۇ ئۆلۈمدىن قورقمايتتى. مەن بىر قېتىم بىزنىڭ قىسىمدىن رانىل بولغانلارنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن شىخۇ ھەربىي دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، شۇ قاتاردا ئابدۇللامنىمۇ يوقلىغان ئىدىم.

ئابدۇللام مېنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندىمۇ، ئىشقىلىپ، قولۇمنى تۇتۇپ گەپ قىلالماي تىترەپ كەتتى، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىرىپ، كۆزىدىن ئاققان ئىسسىق ياش يۈزىنى بويلاپ تەكىيگە چۈشۈۋاتاتتى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولدى. لېكىن بۇ قەيسەر جەڭچىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ:

—ھاياجانلانما ئۇكام، ساقىيىپ كېتىسەن، سەن تېخى ياش تۇرساڭ، سەن باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش بەدىلىگە يارىلاندىڭ، سەن بىزنىڭ باتۇر، قەيسەر جەڭچىمىز، بىز سەندەك ئوغلانلىرىمىزدىن پەخىرلىنىمىز، — دېدىم.

لېكىن بالىنىڭ جاراھىتى خېلى ئېغىر ئىدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغا قاراپ ئۇزۇن ياشىيالمايدىغىنىنى ئېنىق بىلىپ تۇرساممۇ، ئابدۇللامغا تەسەللىي بېرىشىم لازىم ئىدى.

ئابدۇللام "شتاب باشلىقى" دەپ ئاغزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك قولۇمنى تۇتۇپ، ئۇزۇن سۈكۈتتە تۇرۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ھايات-ماماتلىق ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاۋازى تىترەپ تۇرۇپ ناھايىتى تەستە، ئۈزۈپ-ئۈزۈپ:

—مەن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن— ...دېدى-دە، سول قولى بىلەن ناھايىتى تەستە تەكىينىڭ ئاستىدىن بىر تۇمارچە قاتلانغان،

قولياغلىقتا ئورالغان خەتنى ئېلىپ ماڭا بەردى.

— ئەگەر غۇلجىغا بېرىپ قالسىڭىز، مۇشۇ خەتنى ئۆز قولىڭىز بىلەن يالغۇز ئانامغا بېرىپ قويسىڭىز، — دەپ ئىچىدە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان بولسىمۇ، ماڭا سەزدۇرمەسلىككە تىرىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېنى تۇتقان قولىدىن پۈتۈن بەدىنىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم، كۆز ياشلىرى مۇنچاقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆزى ۋە تەكىيسىنى ھۆل قىلماقتا ئىدى.

مەن قەستەن ئۆزۈمنى خاتىرجەم كۆرسىتىش ئۈچۈن:

—سەن خاتىرجەم بول ئابدۇللام، ياخشى داۋالان، مەن بۇ خەتنى چوقۇم ئۆز قولۇم بىلەن ئاپاڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، — دەپ خەتنى ئېلىپ گىمناستۇركامنىڭ يانچۇقىغا سالدىم، ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇۋېلىپ، تېز قەدەملەر بىلەن ئابدۇللامنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتىم.

لېكىن نەچچە كۈن ئابدۇللامنىڭ ئاخىرقى گېپى مېنى ئازابلىماقتا ئىدى. بىر-ئىككى ئايدىن كېيىن، مەن دوختۇرخانىغا تېلېفون بېرىپ ئابدۇللامنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇردۇم، ئۇلار ماڭا:

—سىز كېتىپ ئاز ئۆتمەي ئابدۇللام يورۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى، بۇ ئەھۋالنى غۇلجىدىكى باش شتابقا مەلۇم قىلدۇق، باش شتاب ئابدۇللامنىڭ كۆكسىگە باھادىرلىق مېدالىنى تاقاپ قويۇڭلار دەپ بۇيرۇق بەردى، يەنە ئۇلار ئابدۇللام باھادىرلىق مېدالىغا لايىق، غۇلجا ھەرەمباغ، لياڭشاڭ، ئايرودروم ئۇرۇشلىرىدا ھەممىنىڭ ئالدىدا قورقماستىن كۆكرەك كېرىپ قان كېچىپ جەڭ قىلغان، شۇڭا دەپنە قىلىشنى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئورۇنلاشتۇرۇشلار دېدى. بىز ئابدۇللامىنىڭ ئانكىتىغا قاراپ، شۇ ئادرېس بويىچە ئابدۇللامىنىڭ ئانىسىغا تېلېگرامما ئەۋەتتۇق. ئابدۇللامىنىڭ جەسىتىنى شىخونى ئازاد قىلىش جېڭىدە قۇربان بولغان جەڭچىلەر قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدۇق، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن كۆڭلۈم يېرىم بولدى.

1946-يىل 7-ئايدا، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى، بىتىم بويىچە 30 مىڭ كىشىلىك مىللىي ئارمىيە قوشۇنى چوڭ قىسقارتىلىپ، يېشى چوڭراق كونا جەڭچىلەر ھەربىي سەپتىن بوشىدى. غۇلجا 4-پولك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، غۇلجا 2-پولك بىلەن قوشۇلۇپ، غۇلجا 2-پىيادىلەر پولكى بولدى. بىزمۇ ماناس دەرياسى بويىدىن غۇلجىغا قاراپ ماڭدۇق.

يىگىرمە نەچچە كۈن پىيادە يول ماڭغاندىن كېيىن، توغراسۇ يايلىقىغا كېلىپ ئۈچ كۈن دەم ئالدۇق. كوماندىر-جەڭچىلەر بۇ كەڭ يايلاقتا مەززىلىك قوي گۆشىنى يەپ، شورپىسىنى راھەتلىنىپ ئىچىشتى، تاماقتىن كېيىن كۆننىڭ ئىسسىقىدا سۇغا چۈمۈلۈشتى. ئۇلار سۇنىڭ چوڭقۇرراق يەرلىرىگە بېرىپ باش چۆكۈرۈشۈپ، بىر-بىرىگە سۇ چېچىشىپ، بىر-بىرىنى سۇغا بېسىشاتتى. بىرلىرىنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ قېچىپ تىقىپ قويۇشاتتى. ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ مېنىڭمۇ سۇغا چۈمۈلگۈم كېلىپ قالدى. سۇنىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ بىرئاز چۈمۈلگەندىن كېيىن سۇدىن چىقىپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ چۆپ ئۈستىدە ئولتۇردۇم، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن كىيىملىرىمنى كىيىپ، گىمناستىوركامنى ئېلىپ قېقىۋېتىش ئۈچۈن قولۇمغا ئالغانىدىم، يانچۇقى ئوچۇق

ئىكەن، قاقاقاندا يانچۇقىدىن تۇمارچە قاتلانغان ئابدۇللامنىڭ ھېلىقى خېتى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ خەتنى قولۇمغا ئېلىپ تۇرۇپ قالدىم-دە قانداقتۇ بىر خىيالنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خەتنىڭ قاتلاقلىرىنى بۇزۇۋەتمەي ئاستا، ئاۋايلاپ ئاچتىم-دە يۈرىكىم ئېچىشىپ خەتنى تۇتقان قوللىرىم تىترەپ كەتتى. چۈنكى بۇ خەت جەڭ ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان قەيسەر جەڭچى ئابدۇللام يارىدار بولۇپ ياتقاندا ئۆز ئانىسىغا يازغان تەسەللىي خېتى ئىدى.

مەن ئابدۇللامنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇ بۇ خەتنى ماڭا ئۆز قولى بىلەن بەرگەن ئىدى، مەن بۇ خەتنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ئىدىم. كۆزۈم ئىختىيارسىز تۆۋەندىكى قۇرلارغا چۈشتى:

«مەن ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك بولغان مېھرىبان ئانا... سېنى سېغىنغىنىمنى تىلغا ئالسام ھازىرلا قانات چىقىرىپ قېشىڭغا ئۇچۇپ بارغۇم كېلىدۇ. لېكىن بىز جەڭ مەيدانىدا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشىۋاتىمىز. بىز خەلقنىڭ دۈشمىنى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىپ، خەلقنى ئازاد قىلماي تۇرۇپ ئەلۋەتتە قېشىڭغا بارالمايمىز. جېنىم ئانا، سېنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇم. كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭ. سەن بېشىمنى سىلاپ، كۆزلىرىمگە سۆيۈپ: «باتۇر قوزام بارغىن، مەن يالغۇز ئەمەس، كۆپچىلىك بار دەپ مېنى خاتىرجەم يولغا ئۇزاتقىنىڭ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئانا، قولاق سېلىپ ئاڭلا، مەن بىرنەچچە سەپداشلىرىم بىلەن ئەتە دۈشمەن پوتىيىنى پارتلىتىشقا بارىمەن. ئانا، ئۇرۇش دېگەن رەھىمسىز، ئۇرۇش دېگەن قان تۆكۈش، بىزنى چۈشىنىسەن. ئەگەر قايتىپ كېلەلمىسەم ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ، كۆكسۈڭنى چاك ئېتىپ چاچلىرىڭنى يۇلۇپ يىغلىما ئانا، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال جېنىم ئانا، ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، سەن ئارزۇلىغاندەك دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ تۇرۇپ ئۆلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ ئۆلۈم ئۇلۇغ ئۆلۈم، بۇ ئۆلۈم خەلقىمنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن... بەختلىك ئۆلۈم. سەن ئۈچۈنمۇ شۇنداق، سەن بۇ ئۆلۈمدىن پەخىرلەن ئانا... ئەمما ھەرگىزمۇ قاتتىق ئازاب چېكىپ كۆڭلۈڭنى بۇزما. مەن ساڭا ئاتاپ بىرنەچچە كۇبلېت شېئىر يازغان ئىدىم. بۇ بەلكىم ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى يۈرەك سۆزلىرىم بولۇپ قالار... شۇنداقلا بۇ شېئىرىم بەلكىم ساڭا بىر ئۆمۈر تەسەللىي بولۇپ قالار:

ئانىجان يادىمدا بار[1]،
تىنماي ئازاب چەككەنلىرىڭ.
كېچىلەردە ئۇخلىماي،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.

ئۇن سەككىز ياشىمغىچە،
شەربەت بېرىپ باقتىڭ مېنى.
رازى بولغىن جان ئانا،
ئەمدى كۆرەلمەيسەن مېنى.

چۈنكى مەن دۈشمەن بىلەن،
قاتتىق جەڭ قىلغان ئىدىم.
كۆپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ،

---

[1] بۇ ئۈزۈۋاقىتدا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئوقۇپ يۈرىدىغان شېئىرلارنىڭ بىرسى

كۆكرەككە ئوق يېگەن ئىدىم.

يىغلىماڭ جېنىم ئانا،
ھەر جايدا باردۇر بۇ ئۆلۈم.
چۈنكى ئىچىلماي تۇزىدى،
ئۇن گۈلۈمدى بىر گۈلۈم.

خەير-خوش ئانا، ئۆلۈپ كەتسەم بۇ خېتىم ساڭا بىر ئۆمۈر تەسەللىي بولغاي، ھايات قالسام ساق-سالامەت كۆرۈشەرمىز، ئەمما مەن ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى جەزمەن ئادا قىلىمەن ئانا! بۇ خەت خەلقىم ئالدىدىكى قەسىمىم بولۇپ قالار. قانداقتۇ، بۇگۇن دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، دادام مېنى چاقىرغۇدەك، يۈگۈرۈپ چىقسام قولۇمدىن يېتىلەپ بىر قاراڭغۇ تار كوچىغا ئەكىرىپ كەتكىدەك.
خەير-خوش ئانا، خەت ئارقىلىق سېنىڭ مېھر-سەپقەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىڭگە سۆيۈپ:

خەت يازغۇچى ئوغلۇڭ ئابدۇللام
1945-يىل 7-ئاي"

مېنىڭ بۇ خەتنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى، مەن ئازاب ئىچىدە چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتىم-دە، يانچۇقۇمدىن قول ياغلىقىمنى ئېلىپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۈم، كۆز ئالدىمدا ئابدۇللامنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقاندىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىماسى نامايان بولدى.

خىياللار ئىلكىدە خەتنى ئۆز پېتىچە قاتلاپ ئاۋايلاپ يانچۇقۇمغا سالدىمدە، مەن بۇ خەتنى چوقۇم ئابدۇللامنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرىمەن دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە ۋەدە بېرىپ، ئاندىن ئولتۇرۇپ بىر ئورام موخوركا چەكتىم، شۇئان خىياللىرىم يىراق-يىراقلارغا كەتتى. كۆزۈمنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئويلىنىپ كەتتىم. بىز ئۇنى جىك ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلار قاتارىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان ئىدۇق.

ئابدۇللامنىڭ ئانىسى خەۋەر تاپقان بولسا قانچە ئاھ-پەرياد ئۇرۇپ يىغلىغاندۇ، مەن ئابدۇللامنىڭ ئانىسىغا يازغان بۇ خېتىنى ئاپىرىپ بېرىمەن. بىچارە ئانا مېنىڭ بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ، بالام قېنى، بىر تال قوزام قېنى؟ ئۇ نېمىشكە سىلەر بىلەن قايتىپ كەلمىدى؟ دەپ سورايدۇ. كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ، يالۋۇرۇپ تۇرۇپ بالىسىنى سورايدۇ. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق داد-پەريادىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بەرگىلى ، نېمە دەپ تەسەللىي بەرگىلى بولار؟

ئەي بىچارە ئانا، راست، ئابدۇللام باغرىڭىزنى يېرىپ تۇغۇلغان پەرزەنتىڭىز ئەمەسمىدى؟ دېگەن خىياللار بىلەن ۋۇجۇدۇمنى ئازابلىق بىر ھېسسىيات چىرمىۋالغان ئىدى. قاياقتىندۇر مېنى ئىزدەپ كەلگەن بىر جەڭچىنىڭ "ھۆرمەتلىك شتاپ باشلىقى، بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ" دېگەن جاراڭلىق ئاۋازى مېنىڭ چېكىش ۋە ئازابلىق خىياللىرىمنى بۆلۈۋەتتى.

مەن ئېسىمنى يىغىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. جەڭچى: "مەن سىزنى ئەتىدىن ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى" دېدى.

مەن قەلبىمدىكى بىئاراملىقنى يوقىتىش ئۈچۈن جەڭچىنىڭ

مۇرىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن يېنىككىنە ئۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ كەتتىم.

بىز غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بىز قىسىملاردىكى باشلىقلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇرۇشتىن ھايات قايتىپ كەلگەنلەر ئائىلىمىز، ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداشلىرىمىز بىلەن دىدار كۆرۈشتۇق، قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى بار، ئۇلارنى يوقلاش بىزنىڭ بۇرچىمىز دەپ ئويلاپ، ئابدۇللامىنىڭ ئانىسىغا يازغان خېتىنى ئوقۇپ بەردىم. كۆپچىلىك ئاڭلاپ ئىنتايىن قاتتىق تەسىرلەندى بولغاي، پولك كوماندىرى ئورنىدىن تۇرۇپ قېشىمغا كېلىپ: "ساۋدانوپ، سىز بىرمۇنچە سوۋغاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ئابدۇللامىنىڭ ئانىسىدىن ھال سوراپ كېلىڭ"، دېدى.

مەن دەرھال ئىشخانامغا چىقىپ، ئىشلەيدىغان خىزمەتلەرنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، قارا تورۇق ئېتىمنى مىندىمدە، ئابدۇللامىنىڭ روتىسىدىن بىر كادىرنى ئېلىپ، ھېلىقى خەتتە يېزىلغان ئادرېس بويىچە غۇلجا شەھىرىنىڭ ئايدۆڭ مەھەللىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

ئۇ ۋاقىتلاردا غۇلجىنىڭ كوچىلىرى ئانچە رەتلىك ئەمەس ئىدى. بىز ئايدۆڭگە بېرىش ئۈچۈن، بىرقانچە تار ۋە قالايمىقان كوچىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئايدۆڭ مەسچىتى ئالدىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتۇق. كوچىدا ئويناۋاتقان ئۇششاق باللار بىزنى كۆرۈپ بىر-بىرىگە شەرەت قىلىشىپ، قىزىقسىنغان ھەم ھەيران بولغان ھالدا قېشىمىزغا كېلىپ ئوماق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ، كىيىملىرىمىزگە قارىشىپ ئۆز ئارا نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ پىچىرلىشاتتى. بۇ باللارنىڭ كۆپۈنچىسى كەمبەغەل باللار بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىرەك، ھەممىسى يالاڭئاياغ، كىيىملىرى لاي-پاتقاق، چىرايلىرىنى توپا بېسىپ كەتكەن ئىدى. كۆن ناھايىتى ئىسسىق، مەن بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭراق، 12 ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق ئېگىزرەك، كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىرخىل مۇلايىملىق چىقىپ تۇرغان بالىنى شەرەت قىلغان ئىدىم، ئۇ يېقىنراق كەلدى.

مەن بالىنىڭ باشلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ ئېچىنغان ھالدا سورىدىم:

— بالام، ئېتىڭ نېمە؟

— ئابابەكرى

— ئۆيۈڭ مۇشۇ مەھەللىدىمۇ؟

بالا ”ھەئە، ئۆيىمىز ئاۋۇ تار كوچىنىڭ ئىچىدە“ دەپ قولى بىلەن سول تەرەپتىكى بىر تار كوچىنى كۆرسەتتى. مەن يەنە: ”سەن مۇشۇ مەھەللىدىن ئەسكەرلىككە كەتكەن ئابدۇللام ئاكاڭنى تونۇمسەن؟“ دەپ سورىدىم. بالا، ياق دېگەندەك مۇرىسىنى قىسىپ، دەرھاللا: ”ئاۋۇ كېلىۋاتقان ئادەم مۇشۇ مەھەللىلىك، شۇ كىشى بىلىدۇ“ دېدى ماڭا كېلىۋاتقان ئادەمنى شەرەت قىلىپ. يېشى 50 ياشلار چامىسىدىكى بويى ئېگىز، ئورا كۆز ئادەم ئالدىمغا كېلىپ سالاملاشقاندىن كېيىن ماڭا قاراپ خوش ھەرقايسىلىرى بىر كىشىنى ئىزدىشەملا؟— دەپ، سورىدى.

مەن دەرھال ”ھەئە، بىلەمدىلىكىن، مۇشۇ مەھەللىدىن ئالدىنقى سەپكە ئۇرۇشقا كەتكەن ئابدۇللام دېگەن يىگىتنىڭ ئۆيىنى ئىزدەۋاتاتتۇق“ دېگەن ئىدىم، ئۇ ئادەم تۇرۇپ كېتىپ:

— ھە؟ مۇنداق دېسىلە، بىچارە ئايىمخان بالىسىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ئاغرىقچان بولۇپ كەتتى، ھەي... بىچارە مەزلۇم،

بالىسى ئۆرۈشتىن قايتىپ كېلەلمەپتۇ-دە، — دېدىدە مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ، — ھە تۇرۇپ تۇرۇشسىلا، مەن جامائەتتىن بىرقانچىنى تېپىپ كېلەي، — دەپلا بىر كوچىغا كىرىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن ئۈچ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ ماڭا قاراپ، — بۇ ئادەملەر مۇشۇ مەھەللىنىڭ جامائەتلىرىدىن بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇرۇپ، — ھە ئەمدى يۈرۈشسىلە دەپ بىزنى باشلاپ بىر تار كوچىغا كىرىپ ئەللىك قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن كىچىك بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

بىزمۇ ئاتنى ئىشكنىڭ ئالدىدىكى سۆگەتكە باغلاپ قويغاندىن كېيىن، مەن ئالدىدا، جامائەت كەينىمدىن ھويلىغا كىردۇق.

ھويلىدا كۈنگەيگە قاراپ سېلىنغان كونا بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۆينىڭ ئالدىدا بىر بۈگلۈك بار ئىكەن، بۈگلۈككە سۇپا چىقىرىلغان ، يېنىغا بىر ئوچاق سېلىنغان بولۇپ، ئوچاقتا يوغان بىر قازان ئېسىقلىق تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۆيدىن ئون نەچچە ياشلار چامىسىدىكى سېرىق چاچلىق، ئاق سېرىق، كۆزلىرىن شوخلۇق چاقناپ تۇرغان قىز يۈگۈرۈپ چىقىپ، بىردەم ھەيرانلىقتا بىزگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپلا: ”ئايىمغان ئانا، مېھمانلار كەلدى“ دېگىنىچە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

كەينىدىنلا بىز جامائەت بىلەن ئەسسالامۇئەلەيكوم دەپ ئۆيگە كىردۇق. ئۆينىڭ ئىچى ئازادە بولىسمۇ، پەنجىرىسى تولىمۇ كىچىك بولغاچقا قاراڭغۇ ئىدى.

60 ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئېگىز رەك، بۇغداي ئۆڭلۈك ئاغرىقچانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپلا تۇرغان بىر موماي كىرگەنلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتىدە، كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزگەندەك:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئايتۇران قىزىم، مېھمانلارغا كۆرپە سېلىپ دېدى. موماي ئورنىدا ئولتۇراتتى، ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىيۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈنكىن ئورنىدىن تۇرالمىدى.

ئاڭغىچە مەن يۈگۈرۈپ كېلىپ مومايىنى تۇرمىسىلا دەپ يۆلەپ ئولتۇرغۇزدۇم. موماي ھەممىمىزگە ئاجىز كۆزلىرى بىلەن تازا زەن سېلىپ قاراپ: "بالىلىرىم، مەن سىلەرنى تونىمىدىمغۇ؟ ھە، سىلەر ئەسكەر ئوخشايسىلەر، ئالدىنقى سەپتىن ئەسكەرلەر قايتىپ كەپتۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم" دېدى.

بۇ چاغدا مەن مومايىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاغزىمدىن "ئەلھۇكمۇلىللا ئانا" دېگەن سۆزنىڭ قانداق چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدىم. موماي ئىككى-ئۈچ سېكۇنتقىچە ماڭا قاراپ تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. ئاڭقىرالمىدى بولغاي، ئېسىگە كەلگەندەك ماڭا ئېسىلىپ: "جېنىم بالام، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئابدۇللام، ئەسكەر باللار قايتىپ كەپتۇ، سەن كېلەلمىدىڭغۇ بالام، مېنى بۇ جۇدالىقلارغا قانداق چىدايدۇ دېدىڭ بالام، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، ئۆيۈمنىڭ تۈۋرۈكى ئىدىڭغۇ بالام يالغۇز مۇساپىر ئاجىز ئاناڭنى قانداق تاشلاپ كەتتىڭ قوزام، ئۆيۈمنىڭ چىرىغى ئىدىڭ بالام چىراغلىرىم ئۆچتىڭغۇ بالام" دەپ مېنىڭ دۈمبىلىرىمنى سىلاپ، بويۇنلىرىمغا ئېسىلىپ داد-پەرياد قىلماقتا ئىدى.

مەن مومايغا تەسەللىي بەردىم. بىرگە كىرگەن جامائەت دەرھال خەتنە قۇرئان قىلغان ئىدى، ئانىنىڭ يىغىسى توختىدى. ئەمما يامغۇردەك ئاققان كۆز ياشلىرى قورۇق باسقان يۈزلىرىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى. جامائەت دۇئا قىلدى. موماي

ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ تۇرۇپ ناھايىتى تەسلىكتە ئۇزۇپ-ئۇزۇپ: ئوغلۇمنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى بۇلتۇر كۆزدە ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇقتۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمما مۇشۇ كۈنگىچە بالامنىڭ ماڭا قالدۇرغان بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ ئاڭلىمىدىم، دەپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

مەن ئابدۇللامنىڭ ئانىسىغا يازغان خېتىنى يانچۇقۇمدىن ئېلىپ ھەم ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن بىر قۇر كىيىمىنى ئىككى قوللاپ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردىم. ئاندىن مومايىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، قوللىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ: ”يىغلىۋەرمەڭ ئانا، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ئەلھۆكمۇلىللا دېمەكتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق“ دېدىم.

—سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئۇرۇشتا دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى. بالىڭىز كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات، بالىڭىزنىڭ ئۆلۈمى شەرەپلىك ھەم ئۇلۇغ ئۆلۈم، سىزنىڭ بىر باتۇر قەيسەر ئوغلاننى يېتىشتۈرگىنىڭىز ئۈچۈن خەلق سىزدىن مىننەتدار ۋە سىزدەك ئانىلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ! سىز ھەرگىز يىغلىماڭ، ھۆكۈمەت سىزنى تاشلىمايدۇ، خەلق سىزنى يوقلاپ تۇرىدۇ. سىز خەلقى ئالەم ئالدىدا ئەڭ ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر ئانا، بىز سىزدەك ئانىلاردىن، ئابدۇللامدەك باتۇر ئوغلانلاردىن پەخىرلىنىمىز! — دېيىشىم بىلەن ئانا ئۆزىنى تۇتالماي ئوغلىنىڭ خەتلىرىنى، كىيىملىرىنى كۆزىگە سۈرۈپ، باغرىغا بېسىپ تېخىمۇ قاتتىق نالە-پەرياد قىلىشقا باشلىدى.

مەن ھال سوراپ ئەكەلگەن قەنت، چاي، ناۋات، بىر-ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېيىملىك رەختنى داستىخانغا قويۇپ: ”بىز يەنە كېلىپ سىزنى يوقلاپ تۇرىمىز، سىز ئابدۇللامنىڭلا ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ ئانىسى. مەن قايتىپ بېرىپ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىنقىلابىي قۇربانلار نەپىقە بېرىش ئورنىغا بېرىپ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن“ دەپ خوشلىشىپ ماڭدىم.

شۇ ئارىلىقتا ئەتراپتىكى قوشنىلار ئەر-ئايال ئۆيگە توشۇپ كەتكەن ئىدى. بىچارە موماي ماڭا يەنە ئېسىلىپ مېنى قۇچاغلاپ ”بالامنى كۆرگەن بالام، مەن بالامنىڭ ھىدىنى پۇرىۋالاي“ دەپ جانسىز قوللىرى بىلەن مېنى باغرىغا بېسىپ كىيىملىرىمنى پۇراپ كەتتى. ئاڭغىچە كۆپچىلىك مىڭ تەستە ئانىنىڭ مەندىكى قولىنى بوشىتىپ، مېنى مىڭۋېرىك دېيىشتى. مەنمۇ قاتتىق ئازابلانغان ھالدا جامائەت بىلەن خوشلاشتىم-دە، ئېتىمغا مىنىپ گازارمىغا قاراپ يولغا چىقتىم. مەن تار كوچىدىن چىققىچە ئانىنىڭ داد-پەريادى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇردى.

يولدا قايتىپ كېلىۋېتىپ پۈتۈن خىيالىم شۇ بىچارە ئانىدا ئىدى. ئانىلار نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر قەيسەر! — ھە؟! دەيتتىم ئۆزۈمگە. ئۆزىنىڭ ئۈمىدى، يۆلەنچۈكى، يۈرىكىنىڭ پارىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بىچارە ئانىنىڭ ئاھۇ-زارى، داد-پەريادى پۈتۈن ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرەلەيدىكەن. مېنىڭ قەلبىم قاتتىق ئازابلىناتتى ئىدى.

بىر تەرەپتىن ئانىنىڭ داد-پارىيادى، بىر تەرەپتىن ئابدۇللامنىڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەندىكى سىماسى كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتمەكتە ئىدى. قەلبىم ئازابلىق

تىتىرەۋاتاتتى، يۈرىكىم ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى.

دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق كۈن بولماس. سىڭلىسى تېخى كىچىك ئىكەن، بىچارە ئانا بۇ جۇدالىق ئازابىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەر؟

دۇنيادا ئانىلار ئەڭ ئۇلۇغ، لېكىن بالىلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئابدۇللامدەك ۋاپادار، مېھرىبان بولسا-ھە؟ نېمىشقىدۇر، چوڭقۇر ئۇھ تارتقىم كېلەتتى. مەن ئېغىر ئازاب ئىچىدە قالغان ئادەمدەك چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ يەنە ئويلاپ كەتتىم. ئىنسانلار دۇنياغا كېلىدۇ، كېتىدۇ، ئەنە شۇنداق تەكرارلىنىش ئىچىدە ياشايدۇ، لېكىن دۇنياغا كېلىپ-كېتىش ئىنسانلار ھاياتىدا بىر-بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ: بەزىلەر ئۇدۇل كېلىپ-ئۇدۇل كېتىدۇ، بەزىلەر ھاياتىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ئاتا-ئانىسىنى، خوتۇن-بالىلىرىنى تۈگىمەس دەرد-ئەلەمگە قالدۇرۇپ كېتىدۇ. مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەر ئەۋلادلار ئۈچۈن تارىختا ھەر خىل چوڭ-كىچىك تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. مانا، ئابدۇللام ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئازادلىقىدەك ئۇلۇغ ئىشقا بېغىشلاپ "باھادىر" دېگەن شەرەپ بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولغىدەك ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. قولۇمدىكى كىتابنى تۇتۇپ تۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى بەزى ئىشلار ئېسىمگە كەلدى. ھازىر نۇرغۇنلىغان ئوغۇل-قىز ياشلىرىمىز ئاتا-ئانىسىغا نىسبەتەن ئىنتايىن كۆيۈمچان، مېھرىبان بولۇپ، خىزمەت ۋە ئوقۇشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىن ئەگىشىپ تىرىشىپ ئىشلەپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ھەر ساھەدىكى ياشلار ئىتتىپاقلىشىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ساقلاشتا ئوخشىمىغان كەسپلەردە زور تۆھپىلەرنى يارىتىۋاتىدۇ.
بىز ئۇلۇغۋار غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ، سۇنماس ئىرادە بىلەن ئىشلەۋاتقان ياشلىرىمىزدىن ئىنتايىن رازى ھەم ئۇلاردىن پەخىرلىنىمىز. ئەپسۇسكى، ئاز ساندىكى ياشلار جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ناچار كەيپىياتلارغا بېرىلىپ ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىنى زار قاقشىتىۋاتىدۇ. ئائىلىنىڭ تىنچ ۋە مۇقىملىقىنى، خاتىرجەملىكىنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ھالاكەت يولىغا باشلاپ نۇرغۇنلىغان غۇبارسىز نارسىدىلەرنى يېتىملىك كوچىسىدا ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. مانا بۇ ياشلار ئىرادىسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئاسارىتىدە ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىماي ئەخمەقلەرچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. بىز بۇنداق ياشلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن چوڭقۇر ئېچىنىمىز ۋە نەپرەتلىنىمىز. جەڭچى ئابدۇللامنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن قورقماي، ۋەتەن، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قان كېچىپ كۆرەش قىلىپ ئېغىر يارىلىنىپ، يورۇق دۇنيادىن خوشلىشىش ئالدىدا ئۆز ئانىسى ئايىمخان ھەدىگە يازغان تەسەللىي خېتى ھەرقانداق ۋىجدان ئېگىسىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ ۋە روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئائىلىسىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى بولۇپمۇ ۋەتەنگە، خەلققە بولغان چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ خەت ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا خەلققە، ۋەتەنگە بىر پارچە ئاددىي خېتى ئارقىلىق بىلدۈرگەن سادىق قەسىمىدۇر.
جەڭچى ئابدۇللامنىڭ ئانىسىغا يازغان تەسەللىي خېتى ھازىرقى

ياشلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئائىلىسىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈشتە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىدۇ.

قولۇمدىكى كىتابنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە ھازىرقى جەمئىيەتتىكى ياشلارنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ئويلاپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئابدۇللامنىڭ سەپدىشلىرىدىن نۇرغۇنلىغان كوماندىر-جەڭچىلەر ئۇرۇشلاردا باتۇرلارچە قۇربان بولۇپ، تارىختا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئۇلار تارىخقا، ئەۋلادلارغا، ئەجدادلارغا، ئۇلۇغ ۋەتىنىگە، ئۇلۇغ خەلقىگە، ئاتا-ئانىسىغا، خوتۇن-بالىلىرىغا، يارۇ-دوستلىرىغا يۈز كېلەلەيدۇ. ئەۋلادلار ئۇلارنى سۆيۈنۈپ-پەخىرلىنىپ ئەسلەيدۇ. ئابدۇللام ئۆلمىدى، ئۇنىڭ روھى ئۇنىڭ سەپداشلىرى، كوماندىر-جەڭچىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ھايات. ئۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر
:خۇدا بەردى خېلىل

مەسئۇل كوررېكتور

زاھىر ساۋدانوپ

# سەھرا ئوغلى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 6.75
سانى : 0001 ـ 3000
باھاسى : 9.00 يۈەن

责任编辑
责任校对 ：胡达白尔的

图书在版编目(CIP)数据

农家孩子/萨吾达诺夫著. —北京：民族出版社，2005.4
ISBN 7-105-06892-2
Ⅰ.农... Ⅱ.萨... Ⅲ.中篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 026918 号

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社 址：北京市和平里北街 14 号 邮编：100013
电 话：010-64290862（维文室）
印 刷：北京迪鑫印刷厂
版 次：2005 年 5 月第 1 版 2005 年 5 月北京第 1 次印刷
开 本：850 毫米×1168 毫米
印 张：6.75
印 数：0001-3000 册
定 价：9.00 元